# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

2

1989

پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

1989 - يىل 2 - سان
(ئومۇمىي 38 - سان)
6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
نەشىردىن چىقتى

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

## بۇ ساندا

يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەنگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش ......... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن 1
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە ...... ئابلىمىت رەھمان 13
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇشى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم ...... ئىبراھىم لىتىپ 25
ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلىغا بىر نەزەر ...... رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا 45
«ئوغۇزنامە» دىكى شامان دىنى ئېتىقادى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ...... بايىر روزى 57
مۇئەللىمى سانى ...... ئا. ئىرسوۋ 70
تۇران ئاتالغۇسى ھەققىدە ...... ھەبىرەتجان ئوسمان 75
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيىسى توغرىسىدا ...... يارمۇھەممەت تاھىر 86
ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ۋە سىياسىي دېموكراتىيە ...... تۇڭ بىڭ 101
قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ مائارىپ تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش ...... مۇختەبەر 117
يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە ...... «خاتىرە» يېزىش گۇرۇپپىسى (ن. ئەھمىدى تەرجىمىسى) 131

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: كۆرەش مەھمۇت

# يېپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەنگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن

## 1. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن دۇنيا ۋە زامانىۋى ئەقىل

«غايە رېئاللىققا مۆكۈنگەن بولىدۇ،...
غايە رېئاللىقنىڭ كۆچۈرمىسى ئەمەس، بەلكى
ئەقىل بىلەن كۆرۈلىدىغان، تەسەۋۋۇر بىلەن
تەقلىد قىلىنىدىغان مەلۇم نەرسىنىڭ مۇمكىنلىكى»
— بېلىنىسكى

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ بۈگۈنكى سەۋىيىسى ئىنسانىيەت تارىخى ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە ئېرىشكەن ھەممە مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىڭ جەمئىيىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. مەدەنىيەت — ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە تاشقى مۇھىت ئۈستىدىكى بىلىشى ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارى؛ مەرىپەت (سىۋىلىزاتسىيە) — ئىنسانىيەتنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىچكى مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدىكى ئاڭ ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارى ساھەسىدە يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرىنىڭ مۇقەررەرلىكلىرىنى پەيدا قىلدى، ئىنسانىيەت تەبىئەت — زېمىن ۋە ئالەم سەھنىسىدە ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە ئۆز - ئۆزىنى بىلىش، تىزگىنلەش، ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈركۈملىرى — دۆلەت، رايون، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئاقىلانە، گارمونىك يېڭى رېتىمدا كىرگۈزۈش جەھەتتىمۇ ئۆز مۇمكىنلىكلىرىنى رېئاللاشتۇرۇشقا يۈزلەندى. ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇھىتنى بۇلغاش، دۈشمەنلىكنى كۈچەيتىش، ھەربىي ئەسلىھەلەر مۇسابىقىلىرىنى ئاشۇرۇش، ئۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرگە ھېرىسمەنلىك قىلىش قاتارلىقلارغا قارىتىش، قىسقىسى مەدەنىيەت (كۇلتۇر) بىلەن مەرىپەت تېخنىكا بىلەن ئاقىلانە ئاڭ ئارىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتلەر ئورنىغا ئۇلار ئارىسىدا يېڭىچە تەپەككۇر ۋە راتسىئونال مەرىپەتنى يېتەكچى قىلغان گارمونىك بىردەكلىكنى دەسسىتىش تارىخنىڭ ماھىيەتلىك جەريانىغا ئايلانماقتا.

شۇنى ئايرىم كۆرسىتىش ھاجەتكى، بۈگۈنكى تارىخ ئادەتتىكى كالېندار تەرتىپى بويىچە XX ئەسىرنىڭ XXI ئەسىرگە ئالمىشىشىدىن ئىبارەت مىقدار قىممىتىنى كۆرسىتىش بىلەن ئەمەس، شۇنىڭدەك، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تېزلىكى ئاساسىدا ئۇچۇر ئىلمى ۋە پەن — تېخنىكىنىڭ يېڭى سىستېمىلىرى ۋە قۇرۇلمىلىرى ساھەسىدىكى كۈنتەرتىپلەر قىممىتىنى كۆرسىتىش بىلەنلا ئەمەس، مۇھىمى، پۈتۈن پەن-مەدەنىيەت ۋاسىتىلىرىنىڭ سۇبيېكت مەقسىتى بولغان ئىنسانىيەتنىڭ ئاقىلانە — مەرىپەتتىن ئىبارەت يېڭى سۈپەتتىكى تاكامۇللىنىش دەرىجىسى بويىچە ئىزاھلىنىشى لازىم. تارىخ ئەمدى پەن-تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ياتلاشقان ئىنسانىي تېخىمۇ ياتلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ بەختسىزلىك سەۋەبلىرى ۋە شارائىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي ۋە روھىي باجىئەلەرنى پەن-تېخنىكا ۋاسىتىلىرى ۋە ئەسەبىي-تەنتەك ۋەھىمىلەر بىلەن تېخىمۇ كۈچەيتىش، مەدەنىيەت ئېرىشكەن ئېلېكترونلۇق ۋە ئىنفورماتسىيىلىك «گۇرزە» ۋە «سېھرى ئالخىمىيە» لەر ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ۋە قەلبىنى تېخىمۇ دەپسەندە قىلىشقا خاتىمە بېرىدىغان مىسلىسىز زور ئەقىل — ئاڭ ئويغىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. مانا بۇ ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ماھىيىتى، تارىخىي خاراكتېرىستىكىسى! بىز كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن دۇنيا دېگەندە دەل مۇشۇ ماھىيەت، دەل مۇشۇ خاراكتېرىستىكىنى نەزەردە تۇتىمىز.

زامانىۋى ئەقىل دېگەندە ئىككى قاتلاملىق مەنىنى ئاڭقىرالايمىز. بىرىنچىدىن، زامانىۋى ئەقىل — زامانىۋى ئاڭ بولۇپ، ئاڭنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىنى نەزەردە تۇتىمىز. بۇ رېئاللىقنىڭ ھازىرقى زامان ئىنسانىيىتى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى، زامانغا لايىق ھەرخىل ئاڭ شەكىللىرى ۋە سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھازىرقى مەرىپەتكە خاس ئاقىلانە (راتسىئونال) تەپەككۇر باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دېگەنلىك مەلۇم ئەسىردىن ئىبارەت مىقدار خاراكتېرلىك، كالېندار خاراكتېرلىك ئاڭ شەكلىدىن پەرقلىق بولغان پۈتكۈل تارىخىي خاراكتېرلىك، سۈپەت خاراكتېرلىك، ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىشى خاراكتېرلىك ئەقىل دېگەنلىكتۇر. بىز تۆۋەندە شۇ مەنىدىكى زامانىۋى ئەقىل توغرىسىدا توختىلىمىز.

ھازىرقى زامان ئەقلى مەدەنىيەت بىلەن مەرىپەتنىڭ، مەقسەت بىلەن ۋاسىتىنىڭ، جۈزئىي ئىنسان گۇرۇھى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ، ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشقا يۈزلەنگەن ئاڭدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تاكامۇللىنىش يولىدىكى غايەت زور قەدەم.

ھازىرقى زامان ئەقلى تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەر بولسۇن، تەرەققىي قىلىۋاتقان مەملىكەتلەر بولسۇن، ھازىرقى زامان سەۋىيىسىدىن تولىمۇ يىراقتا قالغان مىللەتلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى ۋە كەلگۈسىگە ئىنتىلىشلىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتمەكتە، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن مىللىي ئويغىنىش، مەدەنىيەت ئويغىنىشى،

دەرىپەتچىلىك دەۋرى، پەن-تېخنىكا ئىنقىلابلىرىدىن بەرقلىق ھالدا ھازىرقى ئىدېئولوگىيىلىك ئىنقىلابىي ئويغىنىش ئۇچۇر دەۋرىگە خاس ئالەمشۇمۇل، پۈتكۈل ئىنسانىيەت خاراكتېرى ئالغان. ئۇ ھەم مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ھەم مەھەللىۋى چەكلىمىلەر بىلەن چەكلەنمىگەن. ھەرقانداق تەرەققىيپەرۋەر، ھەرقانداق ئىلىم-مەدەنىيەتپەرۋەر، ھەرقانداق ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئىنسانپەرۋەر زامانىۋى ئاڭ ئويغىنىشىغا يېتەرلىك پائالىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ توپ يۆنىلىش ئۇرغۇلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، دەۋر ئېقىمىدىن ئارقىدا قالغان بولىدۇ. بۇ ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك توپ مەسىلە، تارىختا ھەر قېتىملىق ئاڭ ئىنقىلابى ۋە مەدەنىيەت ئويغىنىشلىرىغا قارشى مەيداندا تۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تارىخىي خاراكتېرىستىكىسىغا مۇتەئەسسىپلىك ئالامەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغان مەشھۇر نوپۇز ئىگىلىرى بولۇپ ئۆتكەن. بۇ ئۇلارنىڭ بىلىملىرىنىڭ ئەينى زامان سەۋىيىسىدىن كاملىقى تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى ئەقىل-پاراسەت ۋە ئالدىن كۆرۈش، تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ كاملىقى، قاتماللىقى سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان.

قەدىمكى كۆسەن بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇمراجىۋا بۇددىزمدا ھىنايانا مەزھىپىدىن ماھايانا مەزھىپىگە بۇرالغاندا، ئۇنىڭ كۆسەندىكى ئۇستازى بوتۇشما ناملىق مەشھۇر ئالىم قارشى چىققان، كۇمراجىۋانىڭ كەشمىردىكى ھىنايانا بويىچە تەلىم بەرگەن ئۇستازى پانتودادۇ كۆسەنگە كېلىپ ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ تەسىرىدە ماھايانا قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇددا ئىسلاھاتىغا قاتنىشىپ زور شۆھرەت قازانغان. بۇ ئۇنىڭ ئاقىلانىلىقىنى كۆرسەتكەن. چۈنكى «بىلىملىك بولغانلىق ئەقىللىق بولغانلىق ئەمەس» (گىراكلىت). «كىشىلەر ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نەرسىگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم» (گېگېل)

## 2. يىپەك يولى ۋە ئۇنىڭ قايتا جانلىنىشى

«بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىزنى ھەمرالىرىمىزنىڭ
مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان ئەخلاق
ساختا ۋە مەنىسىز ئەخلاقتۇر»
—— گولباخ

«يىپەك يولى» ئىبارىسى بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان، بىر-بىرى بىلەن قوشۇلغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەش تارىخىدا ئالاھىدە بىر قاتلام بىلىش ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلغان ئەڭ زور قۇرۇلۇق بەلبېغى مەنىسىدە مۇجەسسەم ئىبارە بولۇپ قوللىنىلماقتا. ئۇ ئىلگىرىكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» يولى،

«ياۋرو - ئاسىيا مەللەتلەر كۆچۈش يولى»، «قەدىمكى كارۋان يولى»، «ئۇيغۇر - سوغدى يولى» دېگەن مەنىدىكى قىممەت كاتېگورىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى، يىپەك يولى ھەقىقەتەن شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇردى، يىپەك يولىغا خاس سىڭىشكەن مەدەنىيەت ئالامەتلىرىنى شەكىللەندۈردى، يىپەك يولى مەركىزىي قىسمى رايونلىرىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن ئۇنىڭغا ئالاقىدار موڭغۇل - قىپچاق دالالىرىنى دۇنياۋى ئالاقىغا ئېلىپ كىردى. يىپەك يولى ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا كۆچمە چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى بىر قەدەر ئالدىدا كەتكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى، بوستان شەھەر قەلئە ھاياتىغا كىرىشى، خەلقئارا سودىغا قەدەم قويۇشى ۋە ئارىشان تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا يازما مەدەنىيەت، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە كلاسسىك مۇقامچىلىقتا، جۈملىدىن خەلقئارا تەرجىمە - شەرھچىلىكتە ئالدىدا كېتىشىگە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار تەسىرىدە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەر مىڭلىغان يىللار مابەينىدە تەدرىجىي يوسۇندا ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت باسقۇچلىرىغا قەدەم قويۇشقا باشلىدى. بۇ ئاددىي ساۋات بولۇپ قالغان تارىخىي پاكىتتىن ئىبارەت.

يىپەك يولى تاۋار ئىگىلىكى بويىچە شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئەڭ زور كانال سۈپىتىدە ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى، جاڭ چيەننىڭ غەربىي دىيارغا كېلىشىدىن تاكى ماركوپولونىڭ جۇڭگوغا قىلغان سەپىرىگىچە 17 ئەسىردىن ئارتۇق داۋام قىلدى. دېڭىز - ئوكيان قاتنىشىنىڭ راۋاجلىنىشى، جۇغراپىيىلىك كەشپىياتلار، ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى بىلەن تەدرىجىي يوسۇندا چوڭ قۇرۇقلۇق قاتنىشى مەھەللىۋى تۈسكە، بېكىنمىلىك ھالەتكە كىرىپ قالدى. نەتىجىدە يىپەك يولى خارابىلىققا، تارىخىي ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابىلىشىش تارىخى بىزگە بىر قاتار قىممەتلىك ھەقىقەتلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئېچىۋېتىشنىڭ بېكىنمىلىككە زىت ھالدا شىنجاڭ جەمئىيىتى تەقدىرىگە بىۋاسىتە، ھەتتا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىرقانچە تىل - يېزىق، بىرقانچە دىنىي مەدەنىيەت، بىرقانچە مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، سىڭىشىشى، ئاجايىپ بۇددىزم كېمىر سەنئىتى، چالغۇ - مۇزىكىلار مۆجىزىلىرى، يىپەك يولى تېماتىكىسى ۋە دېتاللىرى بىلەن تويۇندۇرۇلغان كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تەرجىمە شۇناسلىق مۇۋاپپەقىيەتلىرى، ئىلىم - پەن، شىپاگەرلىك، بىناكارلىق، نەققاشلىق ئۇتۇقلىرى يىپەك يولى راۋان ئېقىمى بىلەن مەھەللىۋى مۇنبەت تۇپراق ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئالەمگە مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر (جۈملىدىن ئۇيغۇرلاشقان سوغدى، توققۇز چاۋۇپ) سودىگەرلىرى يىپەك يولىنى ئېچىش، يىپەك يولى گۈل - چېچەكلىرىنى سۇغىرىش، يىپەك يولى شەھەر — راباتلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتا دائىمىي باغۋەنلىك خىزمىتىنى كۆرسەتكەن. ئۇلار سىز پادىشاھ — سەركەردىلەر، راھىب — ساياھەتچىلەرنىڭ

ناگان ـ ناگاندىكى سەپەرلىرى ئۇنداق زېمىن ئۈستىدىكى «سامان يولى» نى دائىمىي راۋان ھالەتتە كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى. تاۋار ـ مەنپەئەتلىرى مەدەنىيەت ئېقىمىنى ئۆركەشلەپ كەلتۈ- رۈپ تۇرىدىغان يالقۇنلۇق قۇدرەت سۈپىتىدە يىپەك يولىغا ھايات بېغىشلىغانلىقى سىر ئەمەس.

شىنجاڭلىقلار، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار بېكىنمىلىك ئاسارىتىدە ھەتتا يىپەك يولىنىڭ مىڭلىغان يىللارنى ئاتلاپ گۈللەنگەن ئاۋات مەنزىرىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەدەنىيەت ئىختىرا قىلىش ئىقتىدارى بىلەن ياراتقان شانلىق تۆھپىلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇق، نامراتلىق، مەنىۋى نادانلىق، خۇراپاتلىق، روھىي كېسەللىكلەر ئىچىگە تېرەن چۆكۈپ قالغان. بۇ ھالەت گويا ئەلمىساقتىن شۇنداق دېگەندەك ئۆزىنى بىلمەسلىك دەرىجىسىگە يەتكەن. يىپەك يولى گۈللەنگەن دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلار ياتلىشىپ كەتكەن. قەدىمكى گرېك ـ رىم ۋە قەندىھار مەدەنىيەتلىرى بىلەن ھۆسن تالاشقان شىنجاڭ مەدەنىيىتى خارابىلىرى ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئىپادىلىرىدىن بىرى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى، پەن ـ تېخنىكا، تاۋار ـ قاتناش، مەدەنىيەت ـ مەرىپەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى «يىپەك يولىنى قايتا ئېچىش» شۇئارىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئامېرىكا ـ ياپونىيە مالىيە گۇرۇھلىرى يىپەك يولى بويلاپ دۇنياۋى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇشنى پىلانلىدى. ئەمدى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆز دىققەت نەزىرىنى يېڭى ئېچىلغان ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە قىتئەلىرىگە مەركەز ـ لەشتۈرۈش، دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشىنى قۇرۇقلۇق قاتنىشىدىن قولاي كۆرۈش دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. ئىنسانىيەت زېمىنى، ئۇنىڭ ئاتموسفېرا بوشلۇقى، دېڭىز ـ ئوكيانلىرى، تاغ ـ داۋانلىرىنى ئومۇمييۈزلۈك بويسۇندۇرۇش دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

يىپەك يولى قايتا جانلىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ ھال بىزگە يىپەك يولى ھەققىدە ئەقلىي — تارىخىي قاراشنى تىكلەپ، مىللىتىمىز يۈزلىنىۋاتقان يېڭى گۈل ـ لىنىش ئىستىقبالىنى ئالدىن كۆرۈپ، رىقابەتكە تولغان، تۈرلۈك مەدەنىيەت ۋە تەپەك ـ كۇر ئېقىملىرى ئۆزئارا سۈركىشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە مۇنەۋۋەر ئەنئەنە ۋە ھاياتىي ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلىپ، يېڭى قىياپەت بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 3. نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە تارىخنى قايتا ئويلىنىش

«مىللەت پەننىڭ يۇقىرى چوققىسىدا تۇرۇشنى
خالىسا، نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ
ئايرىلالمايدۇ.»

— ف. ئېنگېلس

يىپەك يولى گۈللەنگەن ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر خەلقى ئاجايىپ ئېسىل مىللىي مەدەنى- يەت ئەنئەنىسىنى ياراتقانىدى. سىرتقا ئېچىۋېتىش، تاقىۋالماسلىق، دېھقانچىلىق ـ قول

ھۈنىرى ۋە رايون ئاتلاپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلقئارا سودىغا قاتنىشىش، مېھماندوستلۇق، ھەممە سەنئەت ۋە مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن شەكىللىرىنى بىردەك ھۆرمەت قىلىش، قوبۇل قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش، شەرق-غەرب سودا ۋە مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرۇش قاتارلىقلار ئۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن ئىدى. بۇ خىل ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاڭلىق نەزەرىيىۋى بىلىش، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئىگىزلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ مىڭ يىللاپ ئىزچىللاشقانىدى.

ئەگەر بىز يىپەك يولى گۈللەنگەن دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن كلاسسىك مەدەنىيەت دۇردانىلىرىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئۇنىڭ ھەرقايسى پەن ۋە سەنئەت ساھەلىرى بويىچە ئەينى زامانىنىڭ يۈكسەك نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، تام رەسىملىرى، بىناكارلىق، مۇزىكا، مۇقام، داستانچىلىق، خەمسەچىلىك، تىبابەتچىلىك قاتارلىقلار گېئومېترىيە، ماتېماتىكا، ئېستېتىكا، گېئودىزىيە، دىنامىكا، پەلسەپە، دىداكتىكا، غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرى، ئالەم قاراشلىرى، بىئولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئاڭلىق مەشغۇلات ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ نۇقتىنى تارىخىي مىراسلارغا نوقۇل تارىخشۇناسلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىۋېرسال ۋە يۈكسەك تارىخ پەلسەپىسى سالاھىيىتى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندىلا، ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلغاندىلا روشەن پەرق ئېتەلەيمىز.

يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى ئارقىسىدا نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەنئەنىسىدىن بىر پۈتۈن ئەنئەنە سۈپىتىدە ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنى ھەممە بىلىشى ۋە ئېنىق شۇنداق قاراش تىكلىشى زۆرۈر. دەرھەقىقەت، ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىمىز دەل مۇشۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەنئەنىسى ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە قايتا باشتىن يىپەك يولىنى گۈللەندۈرۈش، يىپەك يولىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈنمۇ يەنىلا نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا مۇھتاجمىز. مۇنداق نەزەرىيىۋى تەپەككۇر — تارىخنى قايتا ئويلاشتىن ئىبارەت.

«قايتا ئويلاش» ئىبارىسى (Nachden Ken — 反思) ئەسلى گېگېلنىڭ پەلسەپە تارىخىغا قوللانغان ئىبارىسى ئىدى. ئۇ قايتىدىن راتسىئونال — پەلسەپىۋى مۇھاكىمە قىلىشنى، قايتا تەلقىن قىلىشنى، قايتا قاراپ چىقىشنى، شۇ ئارقىلىق ماھىيەتلەرنى، ھەقىقەتلەرنى تېپىۋېلىشنى نەزەردە تۇتاتتى. بىز مۇشۇ «قايتا ئويلاش» ئىبارىسىنى قەدىمكى گرېكلارنىڭ ھەقىقەتنى تېپىش يولىدىكى «دىئالوگ» (كېيىنچە «دىئالېكتىكا») ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشلا ھەقىقىي ماھىيەتلەرنى تېپىش ئۇسۇلى دەپ قارايمىز. بۇ ئۇسۇلنى تارىخىي ھەقىقەتلەرنى بىلىشكە تەدبىق قىلىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا «تارىخنى قايتا ئويلاش» (历史反思) ئۇسۇلى كېلىپ چىقىدۇ. بارلىق مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر مەرىپەت بىلەن ۋەتەنگە ئىمۇناتسىئونال ھېسسىيات بىلەنلا ئەمەس، يەنە

ئەقلىي تەپەككۇر كۆزى بىلەن قاراپ، مۇنداق «تارىخنى قايتا ئويلاش» نىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ھەممىدىنمۇ زۆرۈرلىكىنى بىلىشى لازىم. بۇ نۇقتىنى ئويلاپ يەتمەي، يەنە مەرىپەت بىلەن ۋەتەن ھەققىدە سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس!

«تارىخنى قايتا ئويلاش» مىللىي ئويغىنىشنىڭ، مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە مۇقەددىمىسى. ئۇ مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىشى، بىلىپ چۈشىنىشى، مىللەت پەرۋاز قىلىشىدىكى ئىجابىي قانات ۋە ئۇنىڭغا توسقۇن سەلبىي كۈشەندىرىنى پەرقلەندۈرۈشى ئۈچۈن زۆرۈرى تەپەككۇر. ئېنگېلس «دىيۇرىڭغا قارشى» ناملىق ئەسىرىدە: «بىرەر مەقسەتكە ئېرىشىشنى خالىغان كىشى ئۇنىڭغا ئېرىشىش چارىلىرىنىمۇ خالىشى كېرەك»، «ھەرقانداق پەنگە ئوخشاش پىكىر قىلىش توغرىسىدىكى پەن تارىخىي پەندۇر، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پەندۇر» دېگەنىدى.

تارىخنى قايتا ئويلاش — ھازىرقى دۇنياغا نەزەر سالغان، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە كۆيۈنگەن ھالدا مىللەتنىڭ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ ۋە مىللىي ئېتنىك روھىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىكى ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە ئەقلىي تەپەككۇرى ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ، قايتا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا قارىتىلغان پەلسەپىلىك زور بىلىش قۇرۇلۇشى. بۇ مىللەت ئۈچۈنمۇ، دۆلەت ئۈچۈنمۇ گۈللىنىش ئەنگۈشتەرى! بۇ مىللەت ۋە دۆلەتتىكى مەرىپەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ھەقىقىي پاكى ساختىلىقىنى، ئاڭلىق پاكى ئاڭسىزلىقىنى ئايرىدىغان رېئال مىزان! «تارىخنى قايتا ئويلاش»، «نەزەرىيىۋى تەپەككۇر»، «ئارىلاشما مەدەنىيەتتىن ئوزۇقلىنىش»، «مىللىي روھنى ساغلاملاشتۇرۇش»، «مىللەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش» قاتارلىق تارىخىي تىماتىكىلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ نۇقۇل ھالدىلا ئادەتتىكىچە ئىلىم، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئاڭسىزلىق ۋە چاكىنا ئىشۋازلىق بولۇپ قالمامدۇ؟

شەخسى گۈللىنىمەن دېسە ئۆزىنىڭ پوتېنسىئال ئىمكانىيەتلىرى ۋە ئىقتىدارىنى قايتا ئويلىنىشى كېرەك. مىللەت گۈللىنىمەن دېسىمۇ ئۆزىگە نىسبەتەن تارىخىي قايتا ئويلاش ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇ ئاددى ئەمما ئومۇمىي ھەقىقەت.

## 4. مىللەتنى سۆيۈش ۋە مىللىي روھىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇش

«بىرقانچە يۈز يىلدىن كېيىن مەيلى دوزاق ياكى
جەننەتتە بولايلىق، بەرىبىر روھقا ئايلىنىپ
كېتىمىز. ئەمما ئەۋلادلىرىمىز قالىدۇ. شۇڭا
ئۇلارغا ئاز - تولا ھەدىيە قالدۇرۇشىمىز لازىم»
— لۇشۈن

سۆيۈش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ھېسسىي (ئىممۇناتسىيىلىك) سۆيۈش، يەنە

بىرى ئەقلىي (راتسىيەلىك) سۆيۈش. مىللەتنى سۆيۈشمۇ مۇشۇنداق ئىككى تۈركۈمدىكى ياكى ئىككى دەرىجىدىكى كىشىلەر مەۋجۇت. بەزى كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل سۆيۈش بىرلەشكەن، بەزى كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل سۆيۈش ئۆز ئارا زىددىيەتلىك كۆرۈنۈش ئالغان. مىللەتنى سۆيىدىغان، ئەمما «تارىخنى قايتا ئويلاشقا» ئىتىراز بىلدۈرۈپ يۈرگەن كىشىلەر پەقەت ھېسسىي سۆيگۈ بىلەن تويۇنۇپ قالغان ۋە بىكىنمىلىكنى مىللەتنى قۇتقۇلدۇرىدىغان «ئىجادىيەت» دەپ تونىغۇچى كىشىلەر، مەيلى ساۋاتسىز ياكى بىلىملىك، مەيلى ئادەتتىكى ياكى نوپۇز ئىگىسى بولۇشىغا قارىماي مىللەتنى سۆيۈشنىڭ ئاقىلانە قاتامىغا كۆتۈرۈلمىگەن، ئۇنىڭغا قارشى روھىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر بەربىر مىللەتنىڭ ئىجادىيەتچىلىرى بولالمايدۇ! بۇ تولىمۇ نازۇك ئىدىئولوگىيىلىك ئىندىۋىدىيال خاراكتېرىستىكا ئۆتكىلى! تارىخ ھەر قېتىملىق مەرىپەت دولقۇنلىرىدا ئۇنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي قەھرىمانلىرىنى ئۆز سەھىپىلىرىگە خاتىرىلەپ كەلگەن. ھەرقايسى مىللەتلەر تارىخىدا مۇنداق نۇر ۋە سايىلار ئاز ئەمەس!

ئائورېلىئوس: «مېنىڭ شەھىرىم، مەملىكىتىم رىم. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا كېرەكلىكى مېنىڭ كېرەكلىكىم» دېگىنىدە قانداق ئاقىلانە پىكىر قىلغان ـ ھە! ھوسېئا: «خەلقىم بىلىمسىزلىك تۈپەيلىدىن ھالاك بولدى!» دېگىنىدە قانداق ھەسرەتلەنگەن ـ ھە! ساكيامونى توغرا ئېيتقان: «ئۆز قەلبىڭگە ئۆزى چىراق يېقىش كېرەك!» دېمەك، مىللەتنى سۆيۈشمۇ ئوخشاشمايدۇ.

«تارىخنى قايتا ئويلاش» تارىخنى تەتقىق قىلىشقا زىت بولماستىن، بەلكى تارىخنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق، داۋاملىق قېزىش، تەتقىق قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە راتسىئونال سەۋىيىدە ئىزچىللىشىشىدىن ئىبارەت.

تارىخ ئىككى جەرياندىن ئىبارەت. ئۆتمۈشكە نىسبەتەن ئۇ بىر «خەزىنە» بولۇپ، ھادىسىلەر بىلەن ماھىيەتلەرگە تولغان؛ ئۇنىڭ ھېكمەتلىك جاۋاھىرلىرى نۇرغۇن. كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۇ بىر «بىناكارلىق» بولۇپ، ئۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى تارىخىنى يارىتىشنى، مىللەتنى ھازىرقى زامان مىللەتلىرى قاتارىدا تاكامۇللاشتۇرۇش يوللىرىنى ئىزدەشنى نىشانلىغان. ئەگەر بۇ ئىككى نۇقتا تۇرغۇزۇلمىغان ۋە بىرلەشتۈرۈلمىگەندە ھەقىقىي تارىخنىڭ بولۇشى، ھەقىقىي تارىخچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق پەيلاسوپ ـ تارىخچى ئۈچۈن تارىخ شۇ سەۋەبلىك قىممەتلىككى، ئۇنىڭدا كەلگۈسىنىڭ بىخلىرى، تۆپرىدىقى، ئۆسۈمتىسى ۋە ئالامەتلىرى ساقلانغان بولىدۇ. «خەزىنە» نىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن «بىناكارلىق» ماتېرىياللىرى ئېلىش ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك بولغانلىقىدا. «تۈگۈنىدە ئىككى نەرسە بار» (ئېمپېدوكىل)، «تارىخ ئۆز مەقسىتىنى ئىزدەپ يۈرگەن كىشىنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت» (ماركس).

«ئەۋۋەل تارىخنى تولۇق قېزىپ بولۇپ، ئاندىن زامانىۋى ئاڭنى تۇرغۇزۇش، تارىخنى قايتا ئويلاش كېرەك» دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھېچقانداق مىللەت ۋە دۆلەت تارىخنى تولۇق قېزىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ ھەقتە ئەقلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى

شەرت قىلىنغان ئەمەس. تارىخ ھەمىشە ئۆزىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، ئەقلىي قايتا ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق تولۇقلىنىش جەريانلىرىنى ئاخىرلاشتۇرمايدۇ.

«تارىخنى قايتا ئويلاش» مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىلىش ئاساسى. ماركس روگىغا يازغان خېتىدە: «ئىنسانىيەت باشتىلا بىرەر يېڭى ئىشنى ئېلىپ بارمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ كونا ئىشلىرىنى ئاڭلىق قىلىشقا باشلايدۇ» دېگەنىدى.

«تارىخنى قايتا ئويلاش مىللىي مەدەنىيەتنى يوققا چىقىرىدۇ» دېيىش بىھۇدە ئەندىشە. تارىخنى قايتا ئويلاش دەل مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. مىللىي مەدەنىيەتمۇ خۇددى مىللەت تارىخىدەك ئىككى نۇقتىدىن — ئۆتمۈشتە يارىتىلغان مىللىي مەدەنىيەتتىن، ئەمدى يارىتىلىدىغان يېڭى - زامانىۋى مىللىي مەدەنىيەتتىن تەشكىل تاپقان، يېڭى - زامانىۋى مەدەنىيەت ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بارلىق ئىجابىي ئەنگۈشتەرلىرى ۋە ئىجابىي تەرەپلىرىنى جارى قىلىش بىلەن غەيرىي مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان پايدىلىق ۋە ئىجابىي ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، مىللەت ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ جەريان تارىخنى قايتا ئويلاشنى، مەدەنىيەت تارىخىنى قايتا ئويلاشنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەكسىچە تەقەززا قىلىدۇ.

تارىخنى قايتا ئويلاش گەرچە تار مەنىدىكى بېكىنمىچىلىك ۋەزىيىتى پەيدا قىلغان كونىلىقنى ساقلاپ، يېڭىلىق يارىتالمايدىغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشقا زىت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كەڭ مەنىدىكى مىللىي ئەنئەنىگە زادى زىت ئەمەس! كەڭ مەنىدىكى ئەنئەنە شۇ مىللەت، شۇ دۆلەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك بىناسى بولۇپ، شۇ مىللەت، شۇ دۆلەتنىڭ بارلىق ئىجادىي ئىقتىدارى ۋە مەنىۋى دۇنياسى شۇ خىل ئەنئەنە بىناسىغا جەملەنگەن بولىدۇ. مۇنداق ئەنئەنە بىناسى مەۋجۇت بولمايدىكەن، بۇنداق مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ «تارىخنى قايتا ئويلىنىشى» ھەققىدە گەپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

مىللىي مەدەنىيەت سىنكرېتىك ئامىللارغا مۇخالىپ ئەمەس. مىللىي مەدەنىيەت قەبىلىلەر مەدەنىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، غەيرىي مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەدرىجىي تەسىر قىلىشى ئاساسىدا راۋاجلانغان. نىسپىي مەنىدە مىللىي مەدەنىيەتنى ساپلاشتۇرۇش غەيرىي مىللىي ئامىللارنى چەتكە قېقىش بىلەن ئەمەس، بەلكى غەيرىي مىللىي ئامىللارنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ئىلگىرىلەش بىلەن، شۇنىڭدەك ئۆزلەشمەيدىغان خام - خۇتتا نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنداق قىلىپ مىللىي مەدەنىيەت شۇنداق بىر سەرۋى دەرىخىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ يىلتىزلىرى ھەر خىل مەنبەلەردىن ئوزۇقلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدىكى ئورنى، خۇسۇسىيىتى ۋە قىممىتى بىر پۈتۈن ئەشۇ سەرۋى دەرىخىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەنبەسىز ئېقىن ۋە ئوزۇقسىز دەرەخ بولماسلىقى ئاددىي ساۋاتقۇ! سىنكرېتىك مەدەنىيەت مەنبەسى قارشىنى چاكىنا چۈشەنمەسلىك لازىم.

مىللەتنى سۆيۈش مىللىي روھنى ساغلاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ساغلام مىللىي روھ ئارقىلىق ئۆزىنى يۇقىرى قاتلامغا كۆتۈرىدۇ. مىللىي روھى ساغلام بولمىغان كىشى — ھەسەتخور، قارا نىيەت، سۈيىقەستچى، يۇرتۋاز، پىتنىخور، كاززاپ، زوراۋان، بوشاڭ، ھۇرۇن، ساتقۇن كىشى مىللەتنى «ئېغىز» دىلا سۆيۈشى مۇمكىن.

مىللىي روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ھازىر تىلغا ئېلىنىۋاتقانلىقى يوق. بىز ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن، خەلق ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ھىببەتۇل ھاقايىق»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «مەسنەۋى خاراباتى» قاتارلىق كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن، ئابدۇقادىر ئەزىزى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق دېموكراتىك — مەرىپەتچىلەرنىڭ شېئىر ۋە تەشەببۇسلىرىدىن مىللەت گەۋدىسىنى چىرمىۋالغان روھىي ئىللەتلەرگە بىلدۈرۈلگەن كۈچلۈك نەپرەت بىلەن گۈزەل ئەنئەنىۋى پەزىلەتلەرگە قارىتىلغان يالقۇنلۇق مەدھىيىنى كۆرىمىز، بۇ بىزگە مىللىي روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللىتىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مۇتەپەككۇرلىرى ئىزچىل تەكىتلىگەن تەشەببۇس ئىكەنلىكىنى، بۇمۇ مىللىتىمىزدىكى يەنە بىر مۇنەۋۋەر ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. مەسىلە شۇكى، بۇ ئۇلۇغ تەشەببۇس ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنى يوق!

مىللەت گەۋدىسىدىكى روھىي (پسىخىك) كېسەللىكلەر بېكىنمە مۇھىت، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ روھىيىتىمىزدىكى خۇنۇك چۆكمىلىرى بولۇپ ئۇنىڭدا يەنە بىر قىسىم چەت ئەلدىن، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەردىن يۇقتۇرۇۋالغان روھىي كېسەللىكلەرمۇ بار. «ئاكىيۇ» روھى مىللىتىمىزدىمۇ ئۇيغۇر «ئاكىيۇ» چىلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا دوگماتىزم، باگۇچىلىق، سولچىلىق، ھاكىمۇتلەقلىق، چېقىمچىلىق ئىللەتلىرىنىمۇ يۇقتۇرىۋالدۇق. بۇ ساندۇقنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلايدىغان «گۆھەر» ئەمەس، ئۇنى ئېچىپ تاشلاپ مىللەت گەۋدىسىدىن تازىلىشىمىز لازىم.

مىللەت گەۋدىسىدىكى روھىي ئىللەتلەرنى تازىلاش «مىللەتنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەش»، «ئۆيىدىكى خۇنۇكلىكنى سىرتقا يېيىش» ئەمەس، بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «باردۇر» دېگەن شېئىرىدا تىلغا ئالغان يالقاۋلىق (ھۇرۇنلۇق)، ھەسەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق، كاززاپلىق، سۈيىقەستچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەرگە يۇرتۋازلىق ۋە سول-ھاكىمۇتلەقلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى قوشۇپ ئومۇم خەلق نەپرىتىگە ئايلاندۇرساق نېمىسى يامان؟ مىللىتىمىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، مەرھەمەتچان، مېھماندوست، يېڭىلىق تەرەپدارى بولۇش قاتارلىق پەزىلەتلىرىگە كەلگەندە ئۇنى زامانىۋى ئاڭ ئاساسىدا داۋاملىق جارى قىلىمىز.

«ھەسەتخور كىشىلەر ئۆزى ئۇلۇغ ئىشلارنى ئورۇندىيالمايدۇ، ئۇلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە باشقىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقلىرىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنىدۇ» (گېگېل)، «ئىغۋاگەرلەر ئىغۋا ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ئۆزىمۇ ئىغۋا ئىچىدە ئۆلىدۇ» (لۇشۈن)، «باشقىلاردىكى ئۇلۇغ ئارتۇقلۇقلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت بىلدۈرۈشتىن باشقا چارە يوق» (گېيوتى).

## 5. خۇلاسە. يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەنگۇشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش

«نادانلىقتىن ئۈچ بىخ ئۈسۈپ چىققان،
ئۇلار: قارانىيەت، ساختا شۆھرەت ۋە
ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبارەت»

— شۇبىنخائۇئېر

«ئەقىلدىن ئۈچ ئەخلاقىي خۇسۇسىيەت تۇغۇلىدۇ.
ئۇلار، ئېسىل ئىدىيە، ئېسىل سۆز، ئېسىل
ھەرىكەتتىن ئىبارەت»

— دېموكرىت

سوقرات: «ئەقىل يېتەكچىلىك قىلغان قەيسەرلىك سائادەت، نادانلىق باشلىغان قەيسەرلىك ئاپەت كەلتۈرىدۇ» دېگەنىدى. ئەقىل — راتسىئونال تەپەككۇر بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت يۈزلەنگەن يېڭى سىۋىلىزاتسىيىلىك دەۋرنىڭ يېتەكچى پرىنسىپىغا ئايلانماقتا، ئىنسانىيەت ئەمەلىيىتىدە ئىنسانىيەتكە زىت ھادىسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالدى.

پۈتۈن دۇنيا بويىچە كۆتۈرۈلگەن يېڭى مەدەنىيەت (سىۋىلىزاتسىيە) دولقۇنى ئېلىمىزدە، ھەرقايسى مەملىكەتلەردە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تېپىۋېلىش يولىدىكى يېڭى ئىلگىرىلىشىنى نىشانلىدى. ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي ئەسلەھەلەر ئەقىل ۋە ھەمكارلىق بىلەن بىرلەشمىسە بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئىنسان پرىنسىپى — ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپى كىشىلىك قارىشى، ئىجتىمائىي ئىشلار، مىللەتلەر ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاقىلانە، شۆھرەتلىك يېتەكچى پرىنسىپىغا ئايلىنىشقا يۈزلەندى. تارىخ قانچە ئەگرى - توقايلىقلارغا دۇچ كەلمىسۇن بۇ يۈنىلىشنى تۈپتىن بىكار قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىختىيارى قىلىشى، ئۆزىدىكى پوتېنسىئال ئىقتىدارنى جارى قىلىشى ھازىرقى زامان ئېڭى قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسىدىن ئىبارەت. بۇ مىللەت كاتېگورىيىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا مىللەت سۇبيېكتىنىڭ، مىللىي روھنىڭ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ، مىللەت ئىقتىدارىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مىللەت ئۈچۈن يېڭى مىللىي مەدەنىيەت ئويغىنىشى باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەممە دىنىي يېڭىلاشلار بىلەن مەدەنىيەت گۈللىنىش ھادىسىلىرى «يىپەك يولى» بويلاپ يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئۆركەشلىرى بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسەتتى. يىپەك يولى — شەرق - غەرب مەدەنىيەت كانىلى سۈپىتىدە گرېك - رىم مەدەنىيىتى، كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتى، سۇي - تاڭ مەدەنىيىتى، ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى ئامىللىرىنى

ئاققۇزۇپ، ئالماشتۇردى. بىپەك يولىنىڭ قايتا جانلىنىشى، ھازىرقى زامان تاۋار مۇئامىلىسى ۋە پەن - مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنىڭ ئېقىپ كىرىشى ئۇيغۇر ئېتنىك تۇرمۇشى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىدە يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى، بۇ كونا يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قايتا ئويلاش ۋە يېڭى يىپەك يولى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ماھىيەتتە، يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەنگۈشتەرىنى قايتا تېپىۋېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رومان. روللان: بىر كىشىنى چۈشەنگەنلىك بىر كىشىنى ئىجاد قىلغانلىققا باراۋەر، دېگەنىدى، بۇ سۆزگە: ئۆز - ئۆزىنى چۈشەنگەنلىكىمۇ ئوخشاشلا ئۆز - ئۆزىنى قايتا ئىختىرا قىلغانلىق بولىدۇ، دەپ قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ.

ھەرقانداق مەدەنىيەت مىللىي بولغىنىدەك ھەرقانداق زامانىۋى ئاڭ ۋە مەدەنىيەتمۇ مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلىشىشى لازىم. يېڭى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يەنىلا ئۇيغۇر خەلقىگە خاس يېڭىچە مىللىي مەدەنىيەت بولۇپ قالىدۇ. ئۇ پەقەت ھازىرقى زامان ئېڭىغا ئىگە، ئوچۇق ۋە پائالىيەتچان ئىقتىدارغا ئىگە، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت ساۋىيىسىگە ئىگە يېڭى تەرەققىيات قاتلىمىغا كۆتۈرۈلىدۇ. «»خۇاڭخې» ۋە «تارىم» دەرياسىمۇ — مىللىي خاسلىقىمۇ، «يىپەك يولى» مۇ — مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىمۇ زۆرۈر. بۇ ئىككى روھنىڭ بىرىنى ئىنكار قىلىپ، چۇڭگوچە مىللىيەتلىككە ئىگە بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مىللىي مەدەنىيەتتىكى خاسلىق ۋە زامانىۋىلىقنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە بولۇشى مىللىي مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۇلىدىن ئىبارەت. مەدەنىيەت جەھەتتىكى قوبۇل قىلىشتىن مەقسەتمۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ زامانىۋى رىقابەت دۇنياسىدىكى ھاياتىي كۈچىنى يېتىشتۈرۈشتىن، كۈچەيتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئۆتمۈشتە ئىلىم ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قىممەتلىك تۆھپىلەر قوشقان. بۇ بىزنىڭ شەرەپلىك ئۆتمۈشىمىز. ئۇ بىزگە ھەمىشە «ئەمدى قانداق تۆھپىلەر يارىتىسەن؟» دېگەن سوئال بىلەن ئىلھام بېرىدۇ. مەلۇم مەنىدە بۇنى شانلىق ئۆتمۈش بىزگە تەلمۈرمەكتە، كەلگۈسى ئىستىقبالىمۇ بىزگە تەلمۈرمەكتە، دېيىش مۇمكىن.

دېموكرىت: «مۇئەييەن گۈزەللىكنى ئۆزلۈكسىز ئىجاد قىلىپ تۇرۇش مۇقەددەس ئەنىۋى كۈچىنىڭ ئالامىتى» دېگەنىدى. ئۇنداق ئىكەن بىز دۇنياغا، كەلگۈسىگە، سىۋىلىزاتسىيىگە يۈزلەنمەي قانداق تۇرالايمىز؟! تەرەققىپەرۋەر ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرى ھازىرقى رىقابەتكە، ئىقتىدار قىممىتى سېلىشتۇرمىسىغا تولغان يېڭى تارىخىي مۇھىتتا چوقۇم مىسلىسىز مىللىي ئويغىنىش ۋە مىللىي گۈللىنىش جاسارىتى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەرىپەتلىك، زامانىۋى، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان ئىلغار مىللەتلەردىن بولۇپ چىققۇسى.

# ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە

ئابلىمىت راخمان

ئېلىمىز تارىخىدا ئۇلۇغ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا: «پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىغا يۆتكەش» مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇرۇلتاي ھۆججىتىدە يەنە «تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئەمگەكچىلەر سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە نۇرغۇنلىغان لاياقەتلىك ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ يېتىلىشىگە باغلىق بولماقتا. ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ئاساسى — مائارىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قەتئىي ئېغىشماي ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئىشىنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. دېمەك: ئەمگەكچىلەر سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، لاياقەتلىك ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش مائارىپىمىزنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ۋەزىپىدۇر.

دۇنيادىكى مېڭە ئىلمى، بىلىش ئىلمى، نېرۋا فىزىئولوگىيە ئىلمى، بىلىش تەرەققىيات پسىخولوگىيە ئىلمى ۋە پېداگوگىكا ئىلمى ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى 50 - يىللاردىن باشلاپلا دۇنياۋى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا سودا بازارلىرىنىڭ تېخنىكا ۋە تاۋار ماللار جەھەتتىكى جىددىي رىقابەتلىشىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئەقلىي قابىلىيەت دېگەن نېمە؟ ئەقلىي قابىلىيەت نەدىن كېلىدۇ؟ ئادەمنىڭ مېڭىسى قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟ كىشىلەردىكى ئەقلىي قابىلىيەت يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قانداق ئېچىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئىزدىنىشكە كىرىشتى ھەم بۇ جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىمۇ قولغا كەلتۈردى.

ئەقلىي قابىلىيەت دېگەن نېمە؟ بۇ، ئەقلىي قابىلىيەتنى چۈشىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتا. ھازىرغىچە بۇ مەسىلىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بار. مەسىلەن: بەزىلەر: ئەقلىي قابىلىيەت — بىر خىل بىلىش ئىقتىدارى، دەيدۇ؛ بەزىلەر: ئەقلىي قابىلىيەت — ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى، دەيدۇ؛ بەزىلەر: ئەقلىي قابىلىيەت — ئۆگىنىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى، دەيدۇ؛ بەزىلەر: ئەقلىي قابىلىيەت — مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارى، دەيدۇ؛ بەزىلەر: ئەقلىي قابىلىيەت — يېڭى شەيئىلەرنى كەشپ قىلىش ئىقتىدارى، دەيدۇ؛ بەزىلەر: ئەقلىي قابىلىيەت — ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى، دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر: ئەقلىي قابىلىيەت — تەجرىبە - سىناق جەريانلىرىدىكى ئەقىل ئىشلىتىش ئىقتىدارى، دەيدۇ؛ ئامېرىكا كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نېرۋا پالىئو نتولوگىيىسى ئالىمى راف. خېلۋى: «ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەقلىي قابىلىيەت — سىگناللارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان بىر قىسىم كىشىلەر: «ئىقتىدارلىق كىشىلەردە ماسلىشىش ئىقتىدارى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىق ئىقتىدارى بولىدۇ». دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بۇ خىل كۆز قاراشلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

لېكىن مېنىڭچە ئەقلىي قابىلىيەت يالغۇزلا كىشىلەرنىڭ بىلىش جەريانىدىكى زۆرۈر بولغان ۋە يېتىشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ھەر خىل پسىخىك ئىقتىدارلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە قاتناشقاندا زۆرۈر بولغان ھەر خىل ئەقىل - پاراسەت قابىلىيەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى لازىم. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا، ئەقلىي قابىلىيەت — كىشىلەرنىڭ بىلىش پائالىيىتى ۋە ئەمەلىي پائالىيىتى جەريانىدا شەكىللىنىپ بىر قەدەر مۇقىملاشقان ھەمدە يەنە بىلىش پائالىيىتى بىلەن ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئادەم مېڭىسىنىڭ پەم - پاراسەت ئىقتىدارلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئەقلىي قابىلىيەت، ئاساسەن دىققەت ئىقتىدارى، كۆزىتىش ئىقتىدارى، خاتىرىگە ئېلىش ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى، ماسلىشىش ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىق ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ يادروسى، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىدۇر.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئالىي مائارىپ پېداگوگىكىسى، مائارىپ پسىخولوگىيىسى ۋە تەرەققىيات پسىخولوگىيىسىدىكى ئالاھىدە تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان چوڭ تېمىدۇر. بۇ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىگە قارىتا ھازىرقى دەۋرنىڭ قويغان سۈپەت ئۆلچىمىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق بىرنەچچە ئاساسلار بىلەن كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1750 - يىلىنى ئاساس قىلغاندا پۈتۈن دۇنيادىكى بىلىم 150 يىل ئىچىدە بىر ھەسسە ئاشقان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 50 يىلدا (يەنى 1950 - يىلغىچە) يەنە بىر ھەسسە ئاشقان. 10 يىلدىن كېيىن 1960 - يىللارغا كەلگەندە يەنە بىر ھەسسە ئاشقان. ئۇنىڭدىن كېيىن 7 — 8 يىلغا قىسقارغان. بۇ خىل ئەھۋال ئوبرازلىق ھالدا «بىلىمنىڭ پارتلىشى» دەپ ئاتالماقتا. بۇ، تۇرغۇن ئۆسۈش نۇقتىسىدا تۇرغان بىلىملەرنىڭ يېڭىلىنىش ۋاقتى ھازىرقى ئالىي مائارىپقىچە بولغان ئوقۇش تۈزۈمىدىن خېلىلا قىسقىراپ كەتتى، دېگەنلىكتۇر. بۇ، مائارىپ سېزىمىنى ئالدىرىتىپ قويۇۋاتماقتا، بۈگۈنكى كۈندە ئادەتتىكىچە ئوقۇش بىلەن ھەممە بىلىملەرنى تولۇق، ئەلتۈكۈس ئۆگىنىپ بولغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىكرو ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى، بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش، دېڭىز - ئوكيانلارنى ئېچىش، يېڭى تىپتىكى ماتېرىياللار، ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى پەنلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى توپلىنىپ، مائارىپقا تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ۋەزىيەتكە ماسلىشىش تولىمۇ زۆرۈر بولماقتا.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى قانداق قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؟ بۇ جەھەتتە ئۆزۈمنىڭ مۇنداق بىرقانچە نۇقتىئىنەزەرلىرىمنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

ھازىرقى زامان مائارىپى ئەقلىي قابىلىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت مەنبەسىنى ئېچىش، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە سىگناللارنى قاچىلاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى ساقلاش يوللىرىنى ئېچىپ، مېڭىدە چەكسىز، خىلمۇ - خىل «يۇمشاق زاپچاس» قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، كېلەچەك ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۆز مېڭىسىدىن ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل سىگناللارنى پىششىقلاپ چىقىرىپ بېرەلەيدىغان قىلىش، شۇنداق قىلىپ كىشىلەر مېڭىسىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىنى زور دەرىجىدە جانلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك:

1 . ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش نىشانىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

بىلىم بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت نىسپىي ھالدا مۇستەقىل بولغان ئىككى خىل ئۇقۇمدۇر. بۇ ئىككىسى ھەم پەرقلىق ھەم زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىگە تايىنىش، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇناسىۋىتىگە ئىگە.

بىلىم — كېيىنكى ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە قارىتا بىلىشى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەت ئارقىلىق بىۋاسىتە بىلىملەرنى قولغا كەلتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەجدادلارنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ تېخىمۇ زور مىقداردىكى بىلىمىرى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئەقلىي قابىلىيەت — تۇغما ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئېرسىيەتلىك خۇسۇسىيەتلەر ئاساسىدا كېيىنكى تەربىيە ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا تەرەققىي قىلىپ يېتىلىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئونۇملۇك ھالدا بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش پائالىيىتىدىكى بىر قەدەر تۇراقلىق پسىخىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر.

بىلىم — ئەقلىي قابىلىيەت پائالىيىتىنىڭ ئوزۇقى ۋە خام ئەشياسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەجدادلارنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرىنىڭ گۆھىرى ھەم مۇجەسسەملەشتۈرۈلىشىدۇر. بىلىم ئەقلىي قابىلىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى. مول بىلىم- تەجرىبىسى بولغان كىشىلەر، ئادەتتىكىچە بىلىم - تەجرىبىگە ئىگە بولغان كىشىلەرگە قارىغاندا يېڭى تەپەككۇر باغلىنىشىنى ۋە مۇستەقىل كۆز قاراشنى تېخىمۇ ئاسان ھاسىل قىلالايدۇ،

ئوقۇتۇش پائالىيىتىدە شەرت شارائىت يارىتىپ ئاڭلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتى ئىشلەنمەيدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكىدىنلا تەرەققىي قىلالمايدۇ. چۈنكى: تاشقى سەۋەب بىلەن ئىچكى سەۋەبنىڭ بىرلىكى نۇقتىئىنەزەرىدىن ئېيتقاندا، بىلىمنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتكە ئايلىنىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچكى شەرتى بىلەن ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت تاشقى شەرت ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما يەنە بىر خىل شەرت - شارائىت ئاستىدا بولسا (مەسىلەن: ئوقۇتۇش مەزمۇنى لايىغىدا بولمىسا، تەلەپ مۇۋاپىق قويۇلمىسا ياكى مىتودلار توغرا بولمىسا...) بىلىم ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيلا قالماستىن بەلكى ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىغا زىيانلىق تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بىلىمنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتكە ئايلىنىشى ئۈچۈن سۇبيېكتىپ ئامىل بولغان ئوقۇغۇچىلاردا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك شەرت بولۇشى كېرەك. بىرىنچى، ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقى، بولۇپمۇ تەپەككۇر قىلىش ئاكتىپچانلىقى بولۇشى كېرەك ئىككىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى، ئەقلىي پائالىيەتكە ئۆزى بىۋاسىتە قاتنىشىش جەريانىدا راۋاجلاندۇرۇلۇشى، ھەر خىل ئىقتىدارلار ئەمەلىيەتتە چېنىقتۇرۇش جەريانىدا يېتىلدۇرۇلۇشى كېرەك. ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئوبيېكتىپ شەرت بولغان ئوقۇتۇشتا مۇنداق ئۈچ شەرت بولۇشى لازىم. بىرىنچى، ئوقۇتۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقى ۋە ئاڭلىقلىقىنىڭ قوزغىلىشىغا پايدىلىق بولغان بولۇشى كېرەك. ئىككىنچى،

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىگە ۋە ئىقتىدارلىرىنى چېنىقتۇرۇشقا تولۇق پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە، بولۇپمۇ مۇستەقىل، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشىگە مېتودىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىنغان بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق شەرتلەر يارىتىلغاندىلا بىلىمنى قابىلىيەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئىمتىھان نومۇرى يۇقىرى، خاتىرىلەش قابىلىيىتى ئۈستۈن، چۈشىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتى ئۈستۈن بولۇۋەرمەيدۇ. ئاتاقلىق ئالىم ئېينىشتېيىن ئىلگىرى ھۆنەر-سەنئەت مەكتىپىگە ئىمتىھان بەرگەندە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن. فرانسىيىلىك ماتېماتىكا ئالىمى گالوئىس ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بەرگەندە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن. دارۋىن، ئىدىسون قاتارلىق ئالىملارنىڭمۇ مەكتەپتىكى ئىمتىھان نەتىجىلىرى ئانچە ياخشى بولمىغان. لېكىن ئۇلارنىڭ بىلىمنى تەھلىل قىلالايلا ئۆلۈك ھالدا يادلىۋالىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ئەقىل پاراستى، ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان. يۇقىرى نومۇرنىڭ يۇقىرى ئەقلىي قابىلىيەت ئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىشى ناتايىن. كىتابنى ئۆلۈك يادلىۋالىدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ بەزىدە يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشەلەيدۇ. بولۇپمۇ بىزنىڭ ھازىرقىدەك ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىمىزدە شۇنداق ئېھتىماللىقلار خېلىلا كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالدايدىغان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىپ، ئەقلىي قابىلىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش نىشانىمىزنى جەزمەن تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماسلىشىشى لازىم. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئوقۇتۇش مەزمۇنى، بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش پىلانى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىكلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئىگىللىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئوقۇتۇش پىلانى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىكلەردىكى بەلگىلەنگەن ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قانداق قىلىپ قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش مەسىلىسى دۆلەت ۋە مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ باش قاتۇرۇشىغا تېگىشلىك زور مەسىلە، لېكىن ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى ئۆلۈك، قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس. ئۇنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ جانلىق ئىگىلىشىگە، يېڭىباشتىن تەشكىللىشىگە بولىدۇ. بۇنىڭدا شۇ نەرسە ناھايىتى روشەنكى، ھەر خىل سۈپەت ۋە ھەر خىل قۇرۇلما ھالەتتىكى بىلىملەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى خېلى زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، بەزىلىرىنىڭ تۈرتكىسى ئازراق بولىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن، بىلىمنىڭ دائىرىسى قانچە كەڭرى، قانچە مول ۋە مۇكەممەل بولسىلا ئۇنىڭ شۇنچە ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بىلىمنىڭ سۈپىتى ۋە قۇرۇلمىسى بەلگىلىك تۇراقلىققا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن بىلىم ئەقلىي قابىلىيەتكە ئايلىنالايدۇ ۋە ئەقلىي

قابىلىيەتكە ئايلىنىشىنىڭ ئىمكانىيىتى يارىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ئوقۇتۇش مەزمۇنىدا «ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن، جانلىق بولسۇن» دېگەن پرىنسىپنىڭ روھى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى لازىم. ھازىرقى زامان بىلىملىرىنىڭ توپلىنىشى ۋە يېڭىلىنىش قەدىمى تېزلىشىپ بارغان، دۇنياۋى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى بەيگىگە چاقىرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا كونا كونا ئادەت ۋە كونا رامكىلارغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ «مول» «مۇكەممەل»، «سىستېمىلىق» بولۇش دېگەنلەرنى باھانە قىلىپ، مېغىزى بىلەن شاكىلىنى، مۇھىمى بىلەن نامۇھىم نەرسىنى، قىيىنى بىلەن ئاسىنىنى، ئوقۇتقۇچىلار ھەل قىلىپ بېرىدىغىنى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆگىنىپ ئالالايدىغىنىنى ئايرىماي، ئىپتىدائىي، شاللاپ چىقىرىۋېتىدىغان، قارغۇلارچە ئۆلۈك يادلاتقۇزىدىغان بىر تالاي بىلىملەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېڭىسىگە «قاچىلاش» قا تىرىشىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنى يادلاشقا مەجبۇر قىلىش ھەرگىز توغرا ئەمەس. چۈنكى، قارىماققا ئۆگەنگەن بىلىم كۆپتەك قىلسىمۇ لېكىن ئوقۇغۇچىلار ھەزىم قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرەلمەيدۇ، بىلىم چوڭقۇر بولمايدۇ، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش جەريانىدىن ئۆتمىگەن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۈپەت تۆۋەن بولىدۇ، بۇنداق ئوقۇتۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئاكتىپلىقىنى بوغۇپ، ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

«خۇنەن ئالىي مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 85- يىل 2 - سانىدا «ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرس ئۆتۈش ئالدىدا ئىگىلىۋېلىشقا تېگىشلىك تۆت ھالقىلىق خىزمىتى» تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئۈچىنچىسىدە: «ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتكەندە تەييار بىلىملەرنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدىكى بەزىبىر مۇھىم مەسىلىلەرنى، قىيىن مەسىلىلەرنى، رېئاللىق بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان مەسىلىلەرنى ياكى تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئىخچام قىلىپ سۆزلەش كېرەك، ئاندىن ئوقۇغۇچىلاردىن سوئال سوراشنى، پىكىر بايان قىلىشنى، مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك،» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، مانا بۇ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇشنىڭ «ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن، جانلىق بولسۇن» دېگەن روھتا بولۇشنىڭ ناھايىتى توغرا تەسۋىرىدۇر. ئىككىنچىدىن، ئوقۇتۇش مەزمۇنىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش قابىلىيىتىنى توغرا ئۆلچەم قىلىشنى بىلىش كېرەك، بۇ، بىلىملەرنىڭ قۇرۇلما مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بىزنىڭ ھەرقايسى يىللاردىن ئوقۇغۇچىلارغا ئىگىلىتىدىغان بىلىملىرىمىز ئىلمىيلىككە ۋە كۈچلۈك لوگىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولسىلا ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنى سىستېمىلىق بىلىملەرگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن بەلكى بىلىمنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ئىچىدىن ئەقلىي قابىلىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مول ئوزۇقلىرىغا ئىگە قىلالايدۇ، پەننىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسىنى بۇزۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇنىڭدا شەك - شۈبھە يوق. لېكىن بىزنىڭ ھازىرقى ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىمىزدا مەسىلە ئاز ئەمەس، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ساۋاتلار بار، ئورۇنسىز تەكرارلىنىشلار، ئۆز -

ئارا ئايرىلىپ كېتىشلار خېلىلا كۆپ ۋە ئوڭۇشلۇق باغلىنىشى ئاجىز. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى باشقىدىن رەتكە سېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئاجىز نۇقتىلارنى تۈزەپ كېتىشكە تامامەن بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلىقلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش، ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش، ئوقۇتۇشتا «ئەڭ ئەلالاشتۇرۇش» شەرتلىرىنى يارىتىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش قابىلىيىتىنى مۆلچەرلىگەندە، زور كۆپچىلىك ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىش، ئوقۇغۇچىلار ئەستايىدىل باش قاتۇرۇش ۋە قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ يېڭىش ئارقىلىقلا ئاندىن بىلىمنى ئىگىلەپ ئالالايدىغان بولۇشىنى ئۆلچەم قىلىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم خەزىنىسىنى ئاچىدىغان «ئالتۇن ئاچقۇچ» نى تۇتقۇزۇشىمىز، «ئالتۇن ئاچقۇچ» نى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئۆزى خالىغان بىلىملەرنى تاللىۋالايدىغان قىلىشىمىز، ھارام شاخلىرىنى پۇتىۋېتىپ ھەقىقىي مول مېۋە بېرىدىغان غول ۋە ئاساسىي شاخلىرىنى پەرق ئېتەلەيدىغان قىلىشىمىز لازىم.

ئوقۇتۇش مېتودى، ئوقۇغۇچىلارنى بىلىمسىلىكتىن — بىلىشكە ئېلىپ بارىدىغان، بىلىمنى ئەقلىي قابىلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان كۆۋرۈكتۇر. ئوقۇتۇش مېتودلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگىللىشىدە ۋە ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم شەرتتۇر. ئوقۇتۇش-ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق پائالىيەت جەريانى. بۇ جەرياندا ئوقۇتقۇچى يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئوقۇغۇچىلار بولسا، ئۆگىنىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، بىلىم ئېلىشنىڭ سۇبيېكتى بولىدۇ شۇڭا بىلىش جەريانىنى ۋە ئەقلىي قابىلىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىنى ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلماي تۇرۇپ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاتماي تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار «ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ» مېڭىسىنى ئىشقا سالمىسا ئوقۇتقۇچى ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە «قۇيۇپ» قويالمايدۇ. تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ئاساسىي قانۇنى، چۈشەنچىلەردىكى زىددىيەتلىك ھەرىكەتنىڭ بولىدىغانلىقى بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىكى زىددىيەتلەر ھەرىكىتىنىڭ ئىنكاسىدۇر. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى ھەر دائىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىزدىنىش جەريانى ئىچىدە قاتناشقاندىلا تەپەككۇر پائالىيىتى ئاندىن يۈرۈشەلەيدۇ، ئەقلىي قابىلىيىتىمۇ بىلىم ئىگىلەش جەريانىدا راۋاجلىنالايدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلە بارلىقىنى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلالىشىدۇر. پىكىر قىلىش ئورگىنى بولغان ئادەم مېڭىسى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى تەبىئىي، ئۆز-ئۆزىدىنلا ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىرىستال ئەينەك ئەمەس، ياكى ئىچى كاۋاك، تېگى پۈتۈن قاچا ئەمەس، ئادەم مېڭىسىنى

بىر مۇنچە پسىخىك ئامىللارنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۆزئارا باغلىنىشى بولماي تۇرۇپ شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ۋە ئىدراك ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. مېڭە ئىشلىمىسە ئاددىي سەزگۈ ئورگانلارمۇ ئۆز رولىنى توغرا جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئوقۇتۇش جەريانىدا ھەر خىل ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارلىرىنى چېنىقتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىش لازىم. ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن ئىقتىدارمۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان ئىككى خىل چۈشەنچىدۇر. ئىقتىدار دېگىنىمىز — كىشىلەرنىڭ مەلۇم پائالىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئىندىۋىدۇئال پسىخىك ئالاھىدىلىك يەنى قابىلىيەتتۇر. ئۇ ئەمەلىيەت كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، تەشكىللەش ئىقتىدارى، يۆنىلىشنى بەلگىلەش ئىقتىدارى، ماسلىشىش ئىقتىدارى، مەشغۇلات ئىقتىدارى، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىدارلارنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئىقتىدارلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئىقتىدار ئونىۋېرساللىقا ۋە تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بەلگىلىك ئىقتىدار كۆپ خىل ئىقتىدار ئېلېمېنتلىرىدىن تەركىب تاپقان ھەمدە كۆپ خىل ئىقتىدار ئامىللىرىنىڭ بىرلىكتە رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ، كۆپرەك ئەمەلىيەتتە مەشق قىلىش، چېنىقىش ۋە بىلىمنى ئىشلىتىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. گېرمانىيەنىڭ مەشھۇر پېداگوگى دىستىرۋېگ: «يامان ئوقۇتقۇچى ھەقىقەتنى سوغا قىلىپ بېرىدۇ. ياخشى ئوقۇتقۇچى بولسا باشقىلارغا ھەقىقەتنى تاپقۇزىدۇ.» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئېيتقان ئىدى. ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك پېداگوگىكا دەستۇرلىرىدىن بولغان «مەرىپەتنامە» دېگەن كىتابتا: «يېتەكلەش، ئەمما زورلىماسلىق، ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئەمما مەجبۇر قىلماسلىق، ئىلھاملاندۇرۇش، ئەمما ئۆزى ئىشلەپ بەرمەسلىك» لازىملىقى تەكىتلەنگەن. ئاتاقلىق ئالىم ئېينىشتېيىن ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا شىۋېتسارىيىدىكى ئالۇۋ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۆتكەن بىر يىلنى ئۆز پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن يېتىلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم باسقۇچى دەپ قارىغان. ئۇ: «بۇ مەكتەپنىڭ ئەركىنلىك روھى ۋە ئۇنىڭ سىرتقى مۇھىتتىكى نوپۇزلۇقلارغا قىلچە بېقىنمايدىغان ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پاك قىزغىنلىقى مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان؛... ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ئۆز-ئۆزىگە جاۋابكار بولىدىغان تەربىيىنىڭ، ئۆگىنىشكە يۆلىنىدىغان، سىرتقى مۇھىتتىكى نوپۇزلۇقلارغا يۆلىنىدىغان ۋە مەنپەئەت قوغلىشىدىغان تەربىيىدىن تولىمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم! نەتىجىدە ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي دېموكراتىيىدىن مېنىڭدە ھەرگىزمۇ قۇرۇق خىيال پەيدا بولمىدى...» دەپ يازىدۇ. دېمەك: ئالۇۋ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى، يەنى ئۇنىڭ ئەركىنلىك كەيپىياتى، ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ئۆز-ئۆزىگە جاۋابكار بولىدىغان ئالاھىدە تەربىيە كىلىماتى ئېينىشتېيىننىڭ مۇستەقىللىق روھى بىلەن

ئىجادىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ ئۇنىڭ ئەسپىيلىك ئىدىيىسىنىڭ بىخلىنىش تۈپرىقى بولۇپ قالغان.

4. ئوقۇغۇچىلار غەيرى ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. غەيرى ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرى دېگىنىمىز — يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرىغا ئوخشىمايدىغان ئىدىيىۋى پەزىلەت ئامىلىغا ياتىدىغان ھېسسىيات، ئىرادە، خاراكتېر (ياكى ئىندىۋىدۇئاللىق) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل غەيرى ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش، ئەقلىي پائالىيەت ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدە مۆلچەرلىگۈسىز زور ۋە ئاكتىپ روللارنى ئوينايدۇ. ھېسسىيات، بىۋاسىتە ھالدا ئۆگىنىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئىچكى ئېنېرگىيە بولالايدۇ. لېنىن: «بىر كىشىدە ئەگەر ھېسسىيات دېگەن بولمايدىكەن، ئۇنىڭدا زادىلا ھەقىقەتكە ئىنتىلىش دېگەن نەرسە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.» دېگەنىدى. ئەگەر كىشىلەردە يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بولىدىغان بولسا، ھېرىپ-چارچاشنى ئۇنۇتقان ھالدا ئۆگىنىش ئېلىپ بارالايدۇ-دە، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. ئىرادىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش، ئەقلىي پائالىيەت ۋە خىزمەت ئەمەلىيەتلىرىدە ناھايىتى زور روللارنى ئوينايدۇ. خاراكتېرنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەردىكى رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. خاراكتېر، ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلەر ئىچىدىكى مەركەزلىك ئالاھىدىلىكتۇر. ئامېرىكىلىق پسىخولوگ تېرمىن 1921 — 1923-يىللىرىدىن تارتىپ قوغلىشىپ يۈرۈپ كۆزىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق زېھنى قابىلىيىتىنى ئادەتتىن تاشقىرى ئۈستۈن بولغان 1528 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى (857 نەپەر ئوغۇل، 671 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى) ئوبيېكت قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. 1960-يىللىرى تېرمىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن دىبلىس قاتارلىق ئامېرىكا پسىخولوگلىرى ئۇنىڭ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئىلگىرى-ئاخىر يېرىم ئەسىرگىچە داۋام قىلغان. بۇ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشتا مۇۋەپپەقىيىتى زور بولغان 20% كىشى بىلەن مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ ئاز بولغان 20% كىشى سېلىشتۇرۇلغاندا ئۇلاردىكى ئەڭ ئاساسىي پەرق بالىلىق دەۋرىدىكى زېھنى ئىقتىدارى بولماي بەلكى ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ئىكەنلىكى بايقالغان، ئالدىنقىلار ئۇزاق يىللاردىن بۇيان چىداملىق بىلەن ئۆگەنگەن، ئۆز ماھارىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشقان، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئالغا ئىنتىلىشى كۈچلۈك بولغان، قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا باش ئەگمىگەنلەردۇر. كېيىنكىلەردە بولسا بۇ خىل سۈپەتلەرنىڭ كەم ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.①② ئېينىشتېيىن ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنىڭ سىرىنى مۇنداق بىر

① خوجائاخۇنۇڭ تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن «ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى» ئۇيغۇرچە كىتاب 160، 161، 162-بەتلەر.

② بېيجىڭ سىفەن داشۆنىڭ «پسىخولوگىيە» كىتابى 1985-يىل 2-قېتىملىق نەشرى، خەنزۇچە كىتاب 365-بەتتە.

فورمۇلىغا سالغان: $A=X+Y+Z$. (بۇنىڭدا A مۇۋەپپەقىيەتكە، X جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە، Y توغرا نىشانغا، Z قۇرۇق پاراڭنى ئاز قىلىشقا ۋەكىل قىلىنغان). فرانسىيە خىمىگى، مىكرو بىئولوگىيە ئالىمى پاستېر: «مېنىڭ مەقسەتكە يېتىشىمنىڭ سىرىنى سىلەرگە ئېيتسام، مېنىڭ بىردىن-بىر قابىلىيىتىم قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش روھىدىن ئىبارەت» دېگەن. ئېدىسون ئىجادىيەت جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشنى بىر پىرسەنت پاراسەتتىن 99 پىرسەنت قان تەر سىڭدۈرۈشتىن كەلگەن دەپ قارىغانىدى. فرانسىيەلىك خىمىيە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىم ژان، مارى، لېشىن تېخى يېقىندىلا: «جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرمەي تۇرۇپ ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. پەندە يۇقىرى ئۆرلەش قىيىن، دېڭىزچىلەر ماھىيەتتە قان-تەر ئاققۇزۇشنى خالىمايدىغانلاردۇر» دەپ كۆرسەتتى. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە دۇنيادىكى تونۇلغان مەشھۇر ئالىملار، كەشپىياتچىلار ۋە باشقا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ سانسىزلىغان پاكىتلىرىدىن قارىغاندا مۇۋەپپەقىيەت = ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرى + غەيرى ئەقلىي قابىلىيەت + باشقا شەرتلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەت بولۇپ قالدى. ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان كىشىلەرنىڭمۇ ئەگەر غەيرى ئەقلىي قابىلىيەت ئامىلى ناھايىتى ياخشى تەرەققىي قىلمىغان بولسا ئادەتتە ئانچە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، جىددىي ئەقلىي قابىلىيەت پائالىيىتى ناھايىتى جاپا-مۇشەققەتلىك ئەمگەكتۇر. ئۇ، غەيرى ئەقلىي قابىلىيەت ئامىلىنىڭ (يەنى ھېسسىيات، ئىرادە، خاراكتېرنىڭ) ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشمىسە ھەر خىل قىيىنچىلىق، توسالغۇلارنى يېڭىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش قىيىن بولىدۇ. ئەقلىي پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا غەيرى ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرىغا بەلگىلىك تەلەپلەر قويۇلۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. تونۇلغان مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى بولغاندىن باشقا ئۇلاردا يانا تولۇپ تاشقان قىزغىن ھېسسىيات، كۈچلۈك ئىرادە، مۇستەقىل ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولىدىغان خاراكتېرلار بولغان.

5. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھازىرقى زاماندىكى تونۇلغان تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت يوشۇرۇن كۈچلىرى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتى يېتىشكە تېگىشلىك بولغان سەۋىيىگە، ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ بېرىشىدا خېلىلا يىراق تۇرىدىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. شۋېتسارىيىلىك ئالىم بولتىسمان ئادەم بىلەن بەزى ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلغاندا ئادەمنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى تەخمىنەن 215 نومۇرغا ئېرىشىپ بىرىنچى بولغان، يونوس بېلىقىنىڭ زېھنىي تەخمىنەن 190 نومۇرغا

ئېرىشىپ ئىككىنچى بولغان، پىلنىڭ ئۈچىنچى بولغان، مايمۇننىڭ تۆتىنچى بولغان.
ئىنسانلارنىڭ زېھنى ھايۋانلارنىڭكىدىن ناھايىتى ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋە-
بى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى ئەمگىكىنىڭ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئوبيېك-
تىپ مۇھىتقا پائال تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. دەل مۇشۇنداق پائا-
لىيەتچانلىقنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئادەم مېڭىسى ئۆزىگە خاس ئالىي دەرىجىلىك
پىسخىكىلىق فورماتسىيىنى — يەنى ئاڭنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئادەم مېڭىسىنىڭ ئاڭدىن
ئىبارەت ئۆزىگە خاس رولى ھەم تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى ھەم جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلىدۇر.
ئەقلىي قابىلىيەت، ئىجادىي قابىلىيەت ۋە باشقا ئىقتىدارلار مۇئەييەن فىزىئولوگىيىلىك
سۈپەتلەر ئاساسىدا تەربىيە ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىش
ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا شەكىللىنىدۇ. لېكىن
تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇشۇ خىل ئامىللارنىڭ رولى، تەسىرى تولۇق جارى
قىلدۇرۇلماي، كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ئارزۇ قىلغىنى-
دەك يۈكسەك سەۋىيىگە تېخى يېتەلىگىنى يوق، كىشىلەرنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنى
ئالساق، مەشھۇر ماتېماتىكا ئالىمى ۋون. نومانىنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە بىر كىشىنى
60 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ، دەپ ھېسابلىساق ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئەستە تۇتۇش
زاپىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى $2\cdot8\times10^{20}$ بىت ① گە يېتىدىكەن. يەنى دۇنيادىكى
ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانىلارنىڭ بىرى بولغان 20 مىليون پارچە كىتاب ساقلىغان ئامېرىكا
پارلامېنت كۇتۇپخانىسىدەك ئۈچ-تۆت كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ ئۇچۇر زاپىسىنىڭ
مىقدارىنى سىغدۇرالايدىكەن. (بەزى ماتېرىياللاردا 500 مىليون پارچە كىتابنىڭ
ئومۇمىي سىغىمىغا باراۋەر كېلىدۇ، دېيىلگەن)، ئەمما خىلمۇ-خىل مۇرەككەپ سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ئەڭ ياخشى ئادەممۇ بۇ خىل يوشۇرۇن كۈچنىڭ
بىر پىرسەنتىگىمۇ يېتەلمەيدىكەن. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پىشۋاسى
ماۋدۇن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» دىن ئىبارەت 120 بابلىق كلاسسىك ئەسەرنى
پۈتۈنلەي يادقا ئوقۇيالايدىكەن. ئامېرىكا پوچتا باش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى جومپال
50 مىڭ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن، بەزى بىر چوڭ شەھەرلەردىكى
تېلېفون مەركىزىدە ئىشلىگۈچى خادىملەر 10 مىڭلىغان تېلېفوننىڭ نومۇرلىرىنى ھېچ-
قانداق تەمتىرىمەي ياد ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن. ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ شۇنچە-
ۋالا زور يوشۇرۇن كۈچى بولغان يەردە باشقا ئەقلىي قابىلىيەتلەرنىڭ مەسىلەن: تە-
پەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قابىلى-
يىتى ۋە ئىجادىي قابىلىيەت قاتارلىقلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرى بولمامدۇ؟ تەتقىقات
ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا يوشۇرۇن كۈچلەر خېلىلا زور بولىدۇ، ئەقىل بۇلىقىنىڭ بۇلاق
كۆزى زادى قانچىلىك؟ مەنبەئەسى زادى قانچىلىك؟ ئۇلارنىڭ چېكى، دائىرىسى

① بىر بىت — بىر مىلياردنى كۆرسىتىدۇ.

بارمۇ-يوق؟ بۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ھەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلىلەر بولۇۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە ئەمەلىي سىناق قىلىۋاتقانلارنىڭ بىردەك تەشەببۇسى شۇكى ياش ئەۋلادلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى ئىمكان قەدەر بۇرۇنراق باشلاش پايدىلىق. ئوقۇتۇش جەريانىدا ئەقلىي قابىلىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش، 20 ياشلارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ياشلارنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ جاسارەت بىلەن ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. چۈنكى: ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش باسقۇچى، مۇقىملىشىش باسقۇچى ۋە تۆۋەنلەش باسقۇچى بولىدۇ. تارىختا ئۆتكەن داڭلىق ئالىملار 20 ياشقىچە ۋە 20 ياشلار ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ تالانتلىرىنى نامايان قىلغان. ماتېماتىكا ئالىمى خۇالوگىڭ 13 يېشىدا شۇ چاغدىكى كاتتا ئالىم خۇشىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى لوگىكىلىق خاتالىقلارنى بايقىغان. XVIII ئەسىردىكى شۋېتسىيىلىك بىئولوگىيە ئالىمى كارىل، هون. لىنىنى 24 ياش چېغىدا ئۆسۈملىكلەرنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان «قوش ئىسىم سىستېمىسى»نى كەشىپ قىلغان. رۇسىيىلىك ماتېماتىكا ئالىمى روباچۇدسكى 25 ياش چېغىدا نىۋكىلىدگىئو مېتىرىيىسىنى كەشىپ قىلغان. ئېيىنشتېين 26 ياش چېغىدا نىسپىلىك نەزەرىيىسى بىلەن كوۋانت نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى زور كەشپىياتنى ياراتقان. ئەلۋەتتە يەنە نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئوتتۇرا ياش ۋە چوڭ ياشلاردا ئۆز تالانتلىرىنى كۆرسەتكەنلىرىمۇ خېلى بار. ئەمما ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنىڭ تازا ئۆرلەش پەيتىنى چىڭ تۇتۇش، ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدە مۇتلەق كۆپ ھاللاردا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئادەم 20 ياشلاردىن ئاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەقلىي پائالىيەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي يۈكلىرى ئېغىرلىشىپ كۈنىگە ئۆز مېڭىسىنىڭ 100 مىڭ دانە ھۈجەيرىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ. بۇ ھالدا 80 ياشلارغىچە ئۆمۈر كۆرگەن كىشىنىڭ مېڭە ھۈجەيرىسىنىڭ 63 پىرسەنتىلا قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىي قابىلىيەت يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىشنى قانچە بۇرۇن باشلىسا، شۇنچە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇشى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم

ئىبراھىم لەتىپ

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇش - بولماسلىق مەسىلىسى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئىقتىسادىي تەتقىقات ساھەسىدىكى نەزەرىيىچىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كېلىۋاتىدۇ. بەزىلەر سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ ئەمگەك كۈچى تاۋار بولىدۇ دېسە يەنە بەزىلەر ئەگەر سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچى تاۋار بولسا، ئۇ چاغدا سوتسىيالىستىك جەمئىيەت كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە ئوخشاپ قالمامدۇ؟ دەپ قارىماقتا. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇش - بولماسلىقىنى ئېنىق ئايرىش مەسىلىسى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە تاۋار قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلە. شۇڭا تۆۋەندە ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ بارلىققا كېلىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي تۈزۈملەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## (1)

ئەمگەك كۈچى تاۋارى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. تاۋار بىر ئىقتىسادىي ھەم تارىخىي كاتېگورىيە بولۇش، سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە بارلىققا كېلىشى ۋە مەۋجۇت بولۇشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىي شەكلىنىڭ خاراكتېرىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مەۋجۇت بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگىمۇ باغلىق بولمايدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تۇنجى قېتىملىق ئىجتىمائىي چوڭ ئىش تەقسىماتى بارلىققا كەلگەن يەنى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان! قەبىلىلەر بىلەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىلەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم ياشاشقا باشلىغان. بۇ

ئىپتىدائىي ئورتاق گەۋدىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىپ مەھسۇلات ئېشىنالايدىغان بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزئارا مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېشىندا مەھسۇلاتلىرى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا قىممىتىنى تەڭلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئالماشتۇرۇلغاچقا تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان. تاۋار ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن. كېيىنچە ئىككىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي چوڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە يەنى قول سانائىتىنىڭ دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ ئالماشتۇرۇش بىۋاستە مەقسەت قىلىنغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بارلىققا كەلگەن.

دېمەك، ئەمگەك مەھسۇلاتىنىڭ تاۋار خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن مۇنداق ئىككى ئالدىنقى شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك: ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ بولۇشى يەنى كىشىلەر ھەر خىل ئوخشىمىغان كونكرېت ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ھەر خىل ئوخشىمىغان ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى كېرەك. بۇ ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بولمىسا ياكى كىشىلەر ھەر خىل ئوخشىمىغان كونكرېت ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانماي بىرلا خىل ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇ چاغدا بىرلا خىل ئىستېمال قىممىتى يارىتىلىدۇ، بۇنداق بىرلا خىل ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشمۇ زۆرۈر بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى ئوخشىمىغان ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. بۇ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىككى خىل مەھسۇلات ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدا سېنىڭ - مېنىڭ دەيدىغان ماددىي مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى ئىككى خىل تاۋارغا ئورتاق بولغان بەلگىلىك نىسبەتكە ئىگە تەڭ قىممەتنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يارىتىدۇ. ئەگەر ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ئوخشىمىغان ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا مەنسۇپ بولماستىن بىرلا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىغا مەنسۇپ بولسا ھەمدە مۇشۇ ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى تەركىب تاپتۇرىدىغان ھەرقايسى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئوتتۇرىسىدا نىسپىي مۇستەقىل ماددىي مەنپەئەتى بولمىسا، ئۇ چاغدا ئاشۇ ئىقتىسادىي بىرلىك ئىچىدە ھەر خىل ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش ماددىي مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىنى پەيدا قىلالمايدىغانلىقتىن، ئۇلارنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش مۇقەررەر ھالدا ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. گەرچە ئەمگەك كۈچى تاۋىرى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ مۇقەر-

رەر مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش باشلانغان چېغىدىلا ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ، ئۇ تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەندىلا ئاندىن ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

نېمە ئۈچۈن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ؟ ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى ئەمگەك كۈچى ئىگىسىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدۇ، بەلكى ئەمگەك كۈچىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي شارائىتقا باغلىق بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئەمگەكچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى باشقىلارغا سېتىپ جان بېقىشتىن باشقا ھېچقانداق تۇرمۇش چىقىش يولىنىڭ بولماسلىقى يەنى ئەمگەكچى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن ئايرىلغان بولۇشى، ئىككىنچىدىن، ئەمگەكچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىگە ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغان ۋە ئەمگەك كۈچىنى ئەركىن ھالدا باشقىلارغا ئالماشتۇرالايدىغان بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل شارائىت تاۋار ئىشلەپچىقىرىش باشلانغان چاغدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەندە تەدرىجىي بارلىققا كېلىدۇ. چۈنكى ئەمگەك مەھسۇلاتىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى ئالماشتۇرۇش جەريانىنى ياكى خۇسۇسىي ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگەككە ئايلىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاش بىر بازاردا ئوخشاش بىر خىلدىكى تاۋارلار ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر دائىم رىقابەت ھالىتىدە تۇرىدۇ، بازارغا سېلىنغان تاۋارلارنىڭ سانى قانچىكى كۆپەيگەنسېرى بۇ خىل رىقابەت شۇنچە كەسكىنلىشىدۇ. تاۋار ئىگىلىرى ئۆز تاۋارلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۆز رەقىبلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئامالنىڭ بېرىچە ئۆز تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە ئايرىم قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشنىڭ ھەر خىل چارە - تەدبىرلىرىنى ئىزدەيدۇ. مۇشۇنداق رىقابەتلىشىش جەريانىدا تاۋار بازىرىدا ئالماشتۇرۇشقا ئېرىشەلمەي ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان بەزى تاۋارلار تەدرىجىي ھالدا تاۋار بازىرىدىن شاللىنىپ چىقىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىگىلىرىمۇ ئىلاجسىزلىقتىن ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەيدىغان يالانما ئەمگەكچىلەرگە ئايلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بەزى تاۋارلارنىڭ سېتىلىش يوللىرى بارغانسېرى راۋاجلىنىپ تەدرىجىي ھالدا بازارلارنى ئىگىلەشكە كىرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىگىلىرىمۇ بايلىق توپلاپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى سېتىۋېلىپ ئەمگەك كۈچى ياللاپ ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى دەسلەپكى ئەمگەك كۈچى تاۋارلىرى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مانا مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز رىقابەتلىشىش ۋە ئۈزلۈكسىز بۆلۈنۈش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. ئەگەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بارلىققا كەلمىگەن ۋە تەرەققىي قىلمىغان بولسا

تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بازار تالىشىش رىقابىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئاشۇ رىقابەت ئېلىپ بارىدىغان ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شارائىتىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش خۇسۇسىي ئەمگەك بىلەن ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ زىددىيىتىنى ھەم تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئەمگەك كۈچىنى تاۋارغا ئايلاندۇرىدىغان ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەندە بۇ خىل ئامىللارمۇ ئۆسۈپ يېتىلىپ ئاخىرى ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

(2)

ئەمگەك كۈچى تاۋىرى كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى كاپىتالىستىك تۈزۈم ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى.

ئەمگەك كۈچى تاۋىرى بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمگە خاس ئىقتىسادىي كاتېگورىيە ئەمەس، بەلكى تاۋار ئىگىلىكىگە باغلىنىشلىق بولغان بىر خىل ئىقتىسادىي ھەم تارىخىي كاتېگورىيە. ئەمگەك كۈچى تاۋىرى تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەندە يەنى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن. ئەمگەك كۈچى تاۋىرى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بەلگىلىك ماددىي ئەشيا سەرپ قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇمۇ بىر خىل ئەمگەك مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەمگەك جەريانىدا كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە ئەمگەك مەھسۇلاتى ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق بەلگىلىك ئىستېمال قىممىتى ۋە قىممىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى باشقا تاۋارلارنىڭ قىممىتىگە ئوخشاشلا ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ياكى ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. لېكىن ئەمگەك كۈچى باشقا تاۋارلارغا ئوخشىمايدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بىرىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ھەر دائىم بىرلىشىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بولمىسا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا زۆرۈر بولىدىغان ماددىي ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئالماشتۇرۇلىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ قىممىتى بويىچە تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بولمىسا ئۆزىنىڭ نورمال تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىش شارائىتىغا ئىگە بولالمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئالماشتۇرۇشتا ۋاقىت بىرلىكلىرى بويىچە ۋاقىت

خاراكتېرلىك ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بولمىسا باشقىلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قېلىپ تاۋار خاراكتېرىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭا ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىگىسى بىر خىل تاۋار ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئەمگەك كۈچىنى باشقىلار بىلەن تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى كۈنلۈك، ھەپتىلىك، ئايلىق قاتارلىق ۋاقىت بىرلىكلىرى بويىچە ئالماشتۇرىدۇ. ئەگەردە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بولمىسا خۇسۇسىي ئەمگەك بىلەن ئىجتىمائىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي مەنپەئەت تالىشىش كۆرۈنىشى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا ھەرقايسى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقارغان ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى بىۋاسىتە ھالدا ئىجتىمائىي ئەمگەك مەھسۇلاتىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بەزى تاۋارلارنىڭ تاۋار بازىرىدىن شاللاپ چىقىرىلىشى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاشۇ خىلدىكى تاۋار ئىگىلىرىنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى تاۋار قاتارىدا باشقىلارغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق جان بېقىشقا مەجبۇر بولۇشىدەك ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقمايدۇ ـ دە، ئەمگەك كۈچىمۇ تاۋار قاتارىدا بازارغا چىقمايدۇ. بۇنىڭدىن ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمگە خاس بولمىغان، بەلكى تاۋار ئىگىلىكىگە زىچ باغلىنىشلىق بولغان ھەم ئىقتىسادىي، ھەم تارىخىي كاتېگورىيە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئەمگەك كۈچى تاۋىرى كاپىتالىزمنىڭ تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. كاپىتالىستىك تۈزۈم دېگىنىمىز كاپىتالنىڭ ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنى ئالاھىدىلىك قىلىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدا ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مەۋجۇت بولۇشى كاپىتالىزم بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئەمگەك كۈچى تاۋارغا ئايلىنىپ تاۋار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغان چاغدا ئۇ بىر خىل ئەمگەك مەھسۇلاتى سۈپىتىدە تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇپ ئىككىنچى بىر ئەمگەك كۈچى ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ئۇ ئەمگەك كۈچىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا كىرگۈزۈپ ئۆزى ئىگىلىۋالغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئەمگەك كۈچى تاۋىرى باشقا تاۋارلارغا ئوخشاش ئىستېمال قىلىنىش جەريانىدا تەدرىجىي خوراپ تۈگەپ كەتمەستىن، ئەكسىچە ئىستېمال قىلىنىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىدىن كۆپرەك قىممەت يارىتالايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچى ئىستېمال قىلىش جەريانىدا بەلگىلىك چەكتىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلىش يەنى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىممىتىدىن كۆپرەك قىممەت يارىتقۇزۇش ئارقىلىق قوشۇمچە قىممەت ھاسىل قىلىدۇ. ھەمدە قوشۇمچە قىممەتنى ھەقسىز ئىگىلىۋالىدۇ. بۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدا ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇشىنىڭ پەقەت كۆرۈنۈشتىلا تەڭ قىممەتتە

ئالماشتۇرۇلىدىغان ئەمەلىيەتتە تەڭسىز قىممەتتە ئالماشتۇرۇلىدىغان ساختا كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىشنىڭ ئۆزى ئېكسپىلاتاتسىيە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئەمگەك كۈچى ئىگىسى بىلەن ئەمگەك كۈچىنى سېتىۋالغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش - قىلىنىشنى مەزمۇن قىلغان ئېكسپىلاتاتسىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. ئەمگەك كۈچىنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان بۇ خىل ئېكسپىلاتاتسىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى يەنىلا تاۋارغا ئايلانغان ئەمگەك كۈچى بىلەن ئۇنى سېتىۋالغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. چۈنكى، تاۋارغا ئايلانغان ئەمگەك كۈچى ئۆزىنى سېتىۋالىدىغان ئوبيېكتىنى تاپالمىسا، ئۇ چاغدا ئالماشتۇرۇشقا ئېرىشەلمەي قېلىپ ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ ھەم زۆرۈر تۇرمۇش ئېستېمال بۇيۇملىرىغىمۇ ئىگە بولالمايدۇ - دە، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىش ئىمكانىيىتىدىنمۇ ئايرىلىدۇ. ئەمگەك كۈچى سېتىۋالغۇچىمۇ ئەمگەك كۈچى تاۋىرى بولمىسا ياكى ئۇنى سېتىۋالالمىسا، ئۇ چاغدا ئۆزى ئىگىلىۋالغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى يېتەرلىك ئەمگەك كۈچى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوشۇمچە قىممەت ھاسىل قىلالمايدۇ ھەم قوشۇمچە قىممەتنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق باي بولۇش مەقسىتىگىمۇ يېتەلمەيدۇ. دېمەك بۇنىڭدىن ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بولۇشىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، پۇل ئىگىسىنىڭمۇ ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ بولۇشىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، پۇلنىڭ ياللانما ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق كاپىتال خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. روشەنكى، پۇلنىڭ كاپىتالغا ئايلىنىپ ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ئېكسپىلاتاتسىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن دەسلەپكى ئەمگەك كۈچى تاۋىرى بىلەن دەسلەپكى كاپىتالنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرۈشى پەقەت كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى بىخلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىنلا دېرەك بېرەلەيدۇ بەلكى كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەلمەيدۇ. بۇ خىل بىخلار خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي كۆپىيىپ، تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەندە يەنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا ئەمگەك كۈچى ياللاپ ئىشلىتىش ئارقىلىق قوشۇمچە قىممەتنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋالىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى زور ئالماقنى ئىگىلەپ ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتكەن چاغدا بۇ خىل ئېكسپىلاتاتسىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى قوغدايدىغان ۋە مۇستەھكەملەيدىغان بىر يۈرۈش ئىقتىسادىي تۈزۈملەر بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ ئاخىرى كاپىتالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلىدۇ. ئەگەردە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك

تۈزۈم شارائىتىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشى ئارقىلىق ئەمگەك كۈچى تاۋارغا ئايلانمىسا ئۇ چاغدا ياللانما ئەمگەكچىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئېكسپىلاتاتسىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدا ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مۇقەررەر ھالدا كاپىتالىستىك تۈزۈمنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

(3)

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش-بولماسلىقى ياكى ئۇنىڭ تاۋار قاتارىدا مەۋجۇت بولۇش-بولماسلىقى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا باغلىق بولمايدۇ. بەلكى ئۇ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي شارائىتقا باغلىق بولىدۇ. ئەمگەك كۈچى تاۋىرى دېگەننى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئەمگەك كۈچى تاۋىرى دېگىنىمىز سېتىش-سېتىۋېلىش ئوبيېكتى قىلىنغان ئەمگەك كۈچىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن خالىغانچە بىۋاسىتە بىرلىشىپ ئۆز ئالدىغا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەركىن ئەمگەك كۈچلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا بۇ خىل ئەمگەك كۈچىمۇ خۇددى باشقا ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا ئوخشاش بىر خىل ئەمگەك مەھسۇلاتى سۈپىتىدە تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇش ئارقىلىق تاۋارغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئەمگەك كۈچى ئەمگەكچىنىڭ تېنىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان، ئىقتىساد قىلىپ دۆۋلەپ قويغىلى بولمايدىغان، بىكار قالسا ئۆزلىكىدىن ئىسراپ بولۇپ كېتىدىغان، ئالماشتۇرۇلىدىغاندا ۋاقىتلىق ئالماشتۇرۇلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن بىرلىشىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقارمىغان چاغدىمۇ ئوخشاشلا تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىستېمال قىلىپ تۇرمىسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان، بىر قېتىملىق ئىستېمال جەريانىدا خوراپ تۈگەپ كەتمەيدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، ئەمگەك كۈچىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن داۋاملىق تۈردە بىرلىشىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن بىرلىشىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر ئەمگەكچى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئۆز ئالدىغا بىۋاسىتە ئىگىلىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئۆزى ئىگىلىگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن بىۋاسىتە بىرلەشتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ ۋە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا ئۆز ئەمگەك كۈچىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك زۆرۈر تۇرمۇش ئىستېمال ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. بۇنىڭدا ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار قاتارىدا ئالماشتۇرۇلۇش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەگەر

ئەمگەكچى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى بىۋاستە ئىگىلىيەلمىگەن ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان بولسا، ئۇ چاغدا ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن بىرلىشىشى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ۋاستىلىق ھالدا يەنى بىر خىل تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئالماشتۇرۇشتا ئەمگەك كۈچىنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتىنىڭ مىقدارى ئەمگەك كۈچى ئىگىسى بىلەن ئەمگەك كۈچىنى سېتىۋالغۇچىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئورۇندا تۇرۇپ تالاش - تارتىش قىلىپ كېلىشىشى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ پرىنسىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ئەمگەك كۈچىنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتىنىڭ مىقدارى يەنى ئەمگەكچى ئۆز ئەمگەك كۈچىنى ئالماشتۇرۇپ قولغا كەلتۈرىدىغان پۇل قىممىتىنىڭ مىقدارى شۇ خىل ئەمگەك كۈچىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغان تۇرمۇش ئېستېمال ۋاستىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي قىممىتىگە تەڭ بولۇشى ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا، شۇ خىل ئەمگەك كۈچىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىلىش ۋە نورمال تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمگەك كۈچىنىڭ تەمىنلىنىش — تەلەپ مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولغاندا ئۇنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتىنىڭ مىقدارىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئايرىلغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن بىرلىشىشىنىڭ بىر خىل تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشى ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ تەلىپى ئالماشتۇرغۇچى تەرەپنىڭ ياكى قارشى تەرەپنىڭ كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتىگە قاراپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئەمگەك كۈچىنىڭ بىر خىل ئەمگەك مەھسۇلاتى سۈپىتىدە پۇلغا ئالماشتۇرۇلۇشى يەنىلا ئۇنىڭ سېتىش - سېتىۋېلىش ئوبيېكتى قىلىنغانلىقىنى، تاۋار تۈسىنى ئالغانلىقىنى ۋە تاۋار ئىگىلىكىگە خاس كاتېگورىيە بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەگەر ئەمگەك كۈچىنى پۇلغا ئالماشتۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرسا ياكى ئالماشتۇرۇشتا ھېچقانداق شەرت قويۇلمىسا، ئۇ چاغدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن خالىغانچە، بىۋاستە بىرلىشىپ ئۆز ئالدىغا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ھېچقانداق شەرتسىز ھالدا يېتەرلىك زۆرۈر تۇرمۇش ئېستېمال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش كېرەك، بولمىسا ئەمگەك كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىلىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىش شارائىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن بىرلىشىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ياكى قىممەت يارىتىشقا مەجبۇر قىلغىلى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولمايدۇ، بۇنداق بولغاندا ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىلىشىغا كاپالەتلىك

قىلغىلى مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەك كۈچلىرىنى داۋاملىق تۈردە شەرت-
سىز زورۇرتۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭمۇ مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ. سوتسىيالىزمدا
بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچىنىڭ
تاۋار قاتارىدا ئالماشتۇرۇلۇشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

1) سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار سۈپىتىدە مەۋجۇت بو-
لۇشى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي شارائىتقا يەنى سوتسىيالىزمدىكى تاۋار ئىگىلىكىگە باغ-
لىق بولىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تاۋار خاراكتېرىنى ئېلىشى ئەمگەك كۈچى-
نىڭمۇ تاۋار خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىزمدا ئىجتىمائىي
ئىش تەقسىماتىنىڭ بولۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئەمگەك مەھسۇلات-
لىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا مەنسۇپ بولۇشى سوتسىيالىستىك
ئىگىلىكنىڭ تاۋار ئىگىلىكى بولۇشىنى بەلگىلىگەن. لېكىن سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگى-
لىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدىكى تاۋار ئىگىلىكىگە ئوخشىمايدىغان
بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە يەنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق، نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىش
قانۇنىيىتى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدى-
غان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدىكى پىلانلىق تاۋار
ئىگىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمگەك كۈچى تاۋىرىمۇ بەزى ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە
ئىگە بولىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقا-
بەتتە شاللىنىپ قالغان پرولېتارىيات ئەمەس. ئۇلارنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا
ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بىلەن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئەمگەكچىلەرنى
ئالساق، ئۇلار ئومۇمىي ئەمگەكچىلەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلى-
رىنىڭ ئىگىسى، لېكىن ئەمگەكچى شەخسلەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇلار يەنىلا ئىش-
لەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئىگىسى ئەمەس. چۈنكى ئۇلار يەككە تاۋار ئىش-
لەپچىقارغۇچىلارغا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن خالىغانچە بىۋاسىتە
بىرلىشەلمەيدۇ، پەقەت مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ تەس-
تىقلىشىدىن ئۆتۈپ بەلگىلىك شەرتلەرگە ماقۇل بولغاندىلا ئاندىن ئۆز ئەمگەك كۈچىنى
ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرەلەيدۇ. خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت-
لەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىمۇ چەت ئەللىكلەر بىلەن
ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە باشقۇرىدىغان ۋە چەت ئەللىكلەر ئۆزلىرى بىۋاسىتە مەبلەغ
سېلىپ باشقۇرىدىغان كارخانىلار بولىدۇ. بۇنداق كارخانىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ
تاۋار قاتارىدا ئالماشتۇرۇلۇشىدا گەپ يوق. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى شەخسلەر
مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانا ۋە ھەر خىل تىجارەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان ئەم-
گەك كۈچلىرىمۇ تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە يەنە
ئاز ساندىكى يەككە مۈلۈكچىلەر ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تولۇقلىغۇچىسى سۈپىتىدە

تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رىقابەتتە شاللىنىپ قېلىش ئەھۋاللىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. رىقابەت جەريانىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ رەسمىي ئەمگەك كۈچى تاۋىرىغا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن يېڭىدىن ئەمگەك كۈچى بولۇپ يېتىلىپ تېخى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن بىرلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئەمگەك كۈچلىرى مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇلار ھەر دائىم ئۆز ئەمگەك كۈچىنى تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ھەمدە ئەمگەك كۈچى تاۋىرى زاپىسىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار سوتسىيالىزمدىمۇ ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار قاتارىدا ئالماشتۇرۇلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشىغا موھتاج. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلاتتا ئېھتىياجغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلاتنى مول قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئېھتىياج ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئەمگەكچىلەر ئىشلەپچىقارغان ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار قاتارىدا ئالماشتۇرۇلۇشىنى ۋە ئەمگەك كۈچىنىمۇ تاۋار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزمدا ئەمگەكنىڭ ھەر خىل ئېغىر - يەڭگىللىك ۋە ئاددىي - مۇرەككەپلىك پەرقلىرى بولىدۇ. بۇ خىل ئوخشىمىغان ئەمگەكلەر ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ھەر خىل ئەمگەك كۈچلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك جەريانىدا سەرپ قىلىدىغان ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچىنىڭ مىقدارىمۇ ھەر خىل دەرىجىدە بولىدۇ. ھالبۇكى ھەر خىل ئوخشىمىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئوخشىمىغان كۈچ سەرپىياتى ئۆزىگە چۈشلۇق ھەر خىل ماددىي تولدۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. بۇ خىل ماددىي تولدۇرۇش ئاشۇ خىلدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىدىكى ماددىي ئېھتىياجغا مۇۋاپىق كېلىشى ھەمدە ئۇنىڭ سۈپىتىنىمۇ ئۆستۈرىدىغان بولۇشى كېرەك. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئالدىغا بىۋاسىتە ئىگىلىيەلمەيدىغان ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئايرىلغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى سەرپىياتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشىغا يەنى ئەمگەك كۈچىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئىجتىمائىي قىممىتى بويىچە تەڭ

قىممەتتە ئالماشتۇرۇش لازىم، بۇنداق قىلغاندا ھەر خىل ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىلىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى ھەر خىل ئوخشىمىغان ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرغىلى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئاكتىپچانلىق، ئىجاتچانلىق روھىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزمدا ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى مول بولالمىغانلىقتىن ئەمگەكچىلەرنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەمگەكچىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ماددىي مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ ھەمدە تېگىشلىك ئەمگەك ھەققى بېرىلمەيدىغان ئەمگەكلەرنى قىلىشنى خالىمايدۇ. مەھسۇلاتلارنى مول قىلىش ئۈچۈن ئەمگەكچىلەرنى كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىشقا دەۋەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمگەكچىلەرنىڭ قىلغان ئەمگىكىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى بىلەن ئۆلچەپ پەرقلەندۈرۈپ ئۇلارنى تېگىشلىك ماددىي مەنپەئەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ يەنىلا ئوخشىمىغان قىممەتكە ئىگە ھەر خىل ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممەت بويىچە ئالماشتۇرۇلۇشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەر خىل ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ئۇلارنىڭ پايدىلىق مەھسۇلاتلارنى كۆپرەك يارىتىشىغا ئىلھام بەرگىلى ھەم ئۇلارنىڭ شەخسىي ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى، ھەم سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك، چەت ئەللەر بىلەن ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەقىل ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆزئارا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل ئالماشتۇرۇش شەكلى ئوخشىمىغان ھەرقايسى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى تاۋار بازىرىدا تەبىئىي ھالدا ئۆزئارا رىقابەتلىشىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇلار رىقابەت جەريانىدا پايدىلىق ئورۇنغا ئۆتۈش ئۈچۈن باشقا شارائىتلىرى يار بەرگەن ئەھۋالدا ئۆز كارخانىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سېلىشى كېرەك. بۇ ھال بىر تەرەپتىن كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان تەلىپىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمگەك كۈچى ئىگىلىرىنىڭمۇ ئۆز ئەمگەك كۈچىنى تاۋار قاتارىدا ئالماشتۇرۇش تەلىپىنى كۈچەيتىدۇ. تۆتىنچىدىن، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىشىگە مۇھتاج بولىدۇ، بەلكى يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بارلىققا كې-

لىش جەريانى ئۆزىگە خاس ماددىي سەرپىياتقا مۇھتاج بولىدۇ. بۇ خىل چىقىمنى جەمئىيەت ئۆز ئۈستىگە ئالالمىغان ئەھۋالدا ئۇنى ئەمگەكچى شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەردە ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىغا كېرەكلىك زۆرۈر تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بويىچە ئالماشتۇرۇلمىسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا كېرەكلىك ھەر خىل مىقداردىكى زۆرۈر تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئەمگەكچىلەر قانداق قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؟ دېمەك، ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىش چىقىمى ئەمگەكچى شەخسلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئەھۋالدا ئەمگەك كۈچىمۇ خۇددى شەخسى ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا ئوخشاش ئەمگەكچى شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىغا تەۋە بولىدۇ ھەم ئەمگەكچىلەردە ئۆز ئەمگەك كۈچىنى ئالماشتۇرۇش ئەركىنلىكى بولىدۇ. بۇ ھال ئەمگەك كۈچىگە تاۋار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## (4)

ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇشى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

تاۋار دېگىنىمىز تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلىدىغان ئەمگەك مەھسۇلاتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمگەك كۈچى تاۋىرى دېگىنىمىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلىدىغان بىر خىل ئەمگەك مەھسۇلاتىدۇر. ئەمگەك مەھسۇلاتىنىڭ تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇشى دېگىنىمىز مەھسۇلات ئىگىلىرىنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئورنىدا تۇرۇپ تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزئارا بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئېتىراپ قىلغان ھەمدە بىر خىل تاۋارنىڭ ئىككىنچى بىر خىل تاۋاردا ئىپادىلىنىدىغان تەڭ قىممىتى بويىچە ئالماشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پۇل ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىنغان شارائىتتا، ئالماشتۇرۇلىدىغان تاۋارنىڭ قىممىتى ئالدى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان پۇلنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەھسۇلات ئىگىسى بىلەن پۇل ئىگىسى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئورنىدا تۇرۇپ تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى پۇل قىممىتى ئارقىلىق ئۆلچەپ بېكىتىدۇ ۋە مەھسۇلاتنى پۇلغا ياكى پۇلنى مەھسۇلاتقا ئۆزئارا ئالماشتۇرىدۇ. مەھسۇلاتنى پۇلغا ئالماشتۇرۇۋالغۇچى نورمال ئەھۋالدا ئاشۇ پۇلغا بازاردىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەھسۇلاتىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە باراۋەر كېلىدىغان ئىككىنچى بىر خىل تاۋارنى سېتىپ ئالالايدۇ. دېمەك بۇ خىل ئالماشتۇرۇش تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنى تەڭ مىقداردىكى ئەمگەككە ئالماشتۇرغانلىق ياكى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەمگەك كۈچى تاۋار قاتارىدا ئەمگەك كۈچى بازىرىغا كىرگەندە خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر تەرەپتە ئەمگەك كۈچى ئىگىسى يەنە بىر تەرەپتە پۇل ئىگىسى (مەيلى پۇل ئى-

گىلىنىڭ كەم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر) ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئورنىدا تۇرۇپ ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىستېمال قىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇنى سائەتلىك، كۈنلۈك، ھەپتىلىك، ئايلىق ياكى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋاقىت بىرلىكلىرى پۇلغا ئالماشتۇرۇلىدۇ. نورمال ئەھۋالدا ئەمگەك كۈچى ئىگىسى ئۆز ئەمگەك كۈچىنى ئالماشتۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن بۇ پۇلغا ئۆز تۇرمۇشىغا، ئائىلىسىگە ۋە تەلىم-تەربىيە ئېلىشقا كېرەكلىك زۆرۈر تۇرمۇش ئىستېمال ۋاستىلىرىنى سېتىپ ئالالايدۇ. ياكى ئەمگەك كۈچىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرالايدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش ئىستېمال ۋاستىلىرىمۇ يەنىلا باشقىلارنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتى بولغاچقا ئەمگەك كۈچىنىڭ پۇلغا ئالماشتۇرۇلۇشى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا بىر خىل تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ يەنە بىر خىل تەڭ مىقداردىكى ئەمگەككە ئالماشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ياكى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئېكسپىلاتاتسىيە دېگىنىمىز جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ماناپوللىقىدىن پايدىلىنىپ ئىككىنچى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ياكى گۇرۇھلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ھەتتا بىر قىسىم زۆرۈر ئەمگىكىنى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە ئەمگەك كۈچى تاۋارى بارلىققا كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا يەنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. شۇڭا ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ ئەمگەك كۈچى تاۋارىغا باغلىنىشلىق بولمايدۇ، بەلكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە باغلىنىشلىق بولىدۇ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شارائىتىدا بولىدىكەن ئېكسپىلاتاتسىيىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. ئەمگەك كۈچى تاۋارى دۇنيادا ئېكسپىلاتاتسىيىلىك تۈزۈم بارلىققا كېلىپ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بەلكى كاپىتالىزم بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەممە تاۋار ئىگىلىكىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى گەرچە قوشۇمچە قىممەتنىڭ مەنبەيى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قوشۇمچە قىممەتنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. قوشۇمچە قىممەت ئىشلەپچىقىرىش دېگەن سۆز بىلەن قوشۇمچە قىممەتنى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىش ياكى ھەقلىق ئىگىلەش دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. قوشۇمچە قىممەت ئىشلەپچىقىرىش دېگىنىمىز ئەمگەك كۈچى تاۋارىنى ئىستېمال قىلىش جەريانىدا ئۇنى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىدىغان بەلگىلىك چەك نورمىسىدىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يەنە بىر قىسىم ئارتۇقچە قىممەت ياراتقۇزۇش دېگەنلىك. قوشۇمچە قىممەتنى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىش دېگىنىمىز شەخسلەرنىڭ ياكى گۇرۇھلارنىڭ ئەمگەكچىلەر ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنى ھېچقانداق شەرتسىز ۋە بەدەلسىز ھالدا ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋېلىپ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىغا ئىشلىتىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قو-

شۇمچە قىممەتنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىۋېلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەقلىق ئىگىلەش دېگىنىمىز بولسا دۆلەت ياكى كوللېكتىپ تەشكىلاتلارنىڭ قوشۇمچە قىممىتىنى ئۇنى ياراتقان ئەمگەكچىلەرگە ۋاكالىتەن مەركەزلەشتۈرۈپ ۋە بىر تۇتاش باشقۇرۇپ قايتىدىن يەنە شۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ئومۇمىي تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قوشۇمچە قىممەتنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئوخشىمايدىغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى ئوخشىمىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوخشىمايدىغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈملىرىدە ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىنىڭ ئوخشىمىغان ئاقىۋەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنى ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ ئوخشىمايدىغان مۇددىئاسى بەلگىلىگەن. چۈنكى باشقا ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇپ ئىستېمال جەريانىغا كىرگەندىن كېيىن مەيلى ئۇنىڭ تۇرمۇش جەريانىدا ياكى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئىستېمال قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈك مەھسۇلات شەكلى ۋە قىممىتى تەدرىجىي خوراپ ئاخىرى يوقاپ كېتىدۇ. لېكىن ئەمگەك كۈچى تاۋىرى بولسا پەقەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ يەنى ئۇنىڭغا مەلۇم خىلدىكى خىزمەت ئورۇنلاتقۇزۇلىدۇ ياكى مەلۇم خىلدىكى مەھسۇلات ياساتقۇزۇلىدۇ. ئەمگەك كۈچى ئەمگەك جەريانىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىدىن ئارتۇقراق قىممەت يارىتالايدىغان، ئادەم تېنىدىن ئاجرىمايدىغان، بىر قېتىملىق ئىستېمال جەريانىدا خوراپ تۈگەپ كەتمەيدىغان، مەلۇم ۋاقىت ئارام ئالغاندىن كېيىن يەنە ئەسلىگە كېلىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شارائىتىدا خۇسۇسلارنىڭ ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنى سېتىۋېلىشى ئۇنى بەلگىلىك چەكتىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىممەت ياراتقۇزۇش ھەمدە ئۇنى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بولمىسا ئۇنى سېتىۋالمايدۇ. ئۇلار ھەقسىز ئىگىلىۋالغان قوشۇمچە قىممەتنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىغا ئىشلىتىدۇ. قوشۇمچە قىممەتنى ياراتقان ياللانما ئەمگەكچىلەر ئۇنىڭدىن قايتا بەھرىمان بولالمايدۇ. شۇڭا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شارائىتىدا ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش - قىلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدا ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى ئېكسپلاتاتسىيىگە ئېلىپ بارمايدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ياكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ ئەمگەكچى شەخسلەر نۇقتىسىدىن

ئالغاندا ئۇلار بەنلا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بىۋاستە ئىگىسى بولمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن بىۋاستە بىرلىشىپ ئۆز ئالدىغا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالمايدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى كارخانىغا پۇلغا ئالماشتۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ پۇلغا زۆرۈر تۇرمۇش ئىستېمال ۋاستىلىرى سېتىۋالىدۇ. ئۇلارمۇ ئەمگەك جەريانىدا ئۆز ئەمگەك كۈچىنى ئالماشتۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن پۇلنىڭ قىممىتىدىن كۆپرەك قىممەت يارىتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قولىغا بېرىلىدىغىنى ئۆزلىرى يېڭىدىن ياراتقان ئومۇمىي قىممەتنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قېپقالغان قىسمىنىڭ بىر قىسمى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان باج ياكى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان پايدا قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ. دۆلەت پۈتۈن خەلققە ۋاكالىتەن ئۇنى يىغىپ بىر تۇتاش باشقۇرۇپ پۈتۈن خەلقنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى كارخانىلارنىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا قالدۇرۇلىدۇ. كارخانىلار ئۇنى كارخانا ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ياخشىلاش، مۇكاپات تارقىتىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ. شۇڭا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ياراتقان قىممىتىمۇ زۆرۈر قىممەت ۋە قوشۇمچە قىممەت دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بېرىلىدىغان ئايلىق ئىش ھەققى ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك زۆرۈر تۇرمۇش ئىستېمال ۋاستىلىرى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئەمگەكچىلەر ياراتقان زۆرۈر قىممەت دەپ ئاتىلىدۇ. قېپقالغىنى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاشۇرۇۋېلىنىپ قالدۇرۇلغاچقا قوشۇمچە قىممەت دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنى بۇنداق دېيەي باشقىچە ئاتاش ياكى سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنىڭمۇ قوشۇمچە قىممەت يارىتىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشتىن ئەندىشە قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. سوتسىيالىستىك كارخانىلاردىكى ئەمگەكچىلەر ياراتقان قوشۇمچە قىممەت كاپىتالىستىك كارخانىلاردىكى ئەمگەكچىلەر ياراتقان قوشۇمچە قىممەتكە ئوخشاش كارخانا ئىگىلىرىنىڭ شەخسى ئىگىدارچىلىقىغا مەنسۇپ بولۇپ شەخسى ئېھتىياجغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇ يەنىلا ئومۇمىي خەلقنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ياراتقان كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قاچانلا بولمىسۇن ئۇنىڭدىن بىر ئۈلۈش بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ ئەمگەكچىلەردىن ئېلىپ ئەمگەكچىلەرگە قايتۇرغانلىق ياكى ئەمگەكچىلەرنى قوشۇمچە قىممەتتىن قايتا بەھرىمەن قىلدۇرغانلىق بولىدۇ. ياكى ئومۇمىي ئەمگەكچىلەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئەمگەكچىلەر ياراتقان قىممەتنىڭ ھەممىسىنى يەنە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىگە قايتۇرغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭدا قوشۇمچە قىممەتنى ئىككىنچى بىر تەرەپنىڭ ھەقسىز ئىگىلىۋېلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ شەخسى ئېھتىياجىغا ئىشلىتىۋېلىش مەسىلىسى مەۋجۇت

بولمايدۇ. شۇڭا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى كۆرۈنۈش ۋە ئەمەلىيەتتىكى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى ئىپادىلەپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش-قىلىنىشقا ئېلىپ بارمايدۇ.

خەلقئارالىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك ئەللەردىكى ئىگىلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە چەت ئەللىكلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ باشقۇرىدىغان ۋە چەت ئەللىكلەر ئۆزلىرى بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىپ ئۆزلىرى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بىر قىسىم كارخانىلار بارلىققا كەلدى. بۇ خىل كارخانىلارنىڭ بەزىلىرى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە، بەزىلىرى يېرىم خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بۇلارمۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى بىر قىسىم ئەمگەك كۈچلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىدۇ. بۇ خىل كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچىمۇ تاۋار قاتارىدا ئالدى بىلەن پۇلغا ئالماشتۇرۇلىدۇ. بۇ پۇل ئۇلارنىڭ ئەمگەك جەريانىدا ياراتقان ئومۇمىي قىممىتىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان قىسمى ئاشۇرۇۋېلىنىپ قالدۇرۇلىدۇ. شۇڭا بۇنداق كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەر ياراتقان قىممەتمۇ زۆرۈر قىممەت ۋە قوشۇمچە قىممەت دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى خىلدىكى كارخانىلاردىكى ئەمگەكچىلەر ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنىڭ بىر قىسمىنى قوشقان كاپىتالىنىڭ ئۈلۈشى بويىچە شەخسى كاپىتالىستلار ياكى گۇرۇھلار ھەقسىز ئىگىلىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ئېھتىياجىغا ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان بولىدۇ. قېپقالغان قىسمىنى سوتسىيالىستىك دۆلەت ياكى چەت ئەللىكلەر بىلەن ھەمكارلاشقان شېركەتلەر ئىگىلەپ ئۇنى پۈتۈن خەلقنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنىلا ئەمگەكچىلەردىن ئېلىنىپ ئەمگەكچىلەرگە قايتۇرۇلغان بولىدۇ ھەم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان بولمايدۇ. بۇنداق كارخانىلاردا ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىنىڭ بىر تەرىپى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش-قىلىنىشقا ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرىپى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش-قىلىنىشقا ئېلىپ بارمايدۇ. شۇڭا بۇنداق كارخانىلار ھەم سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە. ھەم كاپىتالىستىك خاراكتېرگە ئىگە ئىككى خىل خاراكتېردىكى كارخانا ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى خىلدىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەر ياراتقان قوشۇمچە قىممەتتىن باج تاپشۇرۇپ قېپقالغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى چەت ئەل كاپىتالىستلىرى ياكى گۇرۇھلار ھەقسىز ئىگىلەپ ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ئېھتىياجىغا ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان بولىدۇ. بۇنداق كارخانىلاردا ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى شەك-شۈبھىسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش-قىلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە يەنە ئاز ساندىكى يەككە مۇلۇكچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى قۇرۇشىغا يول

قويغان شارائىتتا، شەخسلەر ئۆز ئالدىغا قۇرغان كارخانىلار بولىدۇ. بۇلارمۇ بىر قىسىم ئەمگەك كۈچلىرىنى يالالاپ ئىشلىتىدۇ. بۇنداق كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەر ياراتقان قىممەتنىمۇ زۆرۈر قىممەت ۋە قوشۇمچە قىممەت دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ خىل كارخانىلاردىكى ئەمگەكچىلەر ياراتقان قوشۇمچە قىممەتتىن يۇقىرىغا باج تاپشۇرۇپ قېپقالغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى كارخانا ئىگىلىرى ئىگىلەپ قالغانچە ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىغا ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن قوشۇمچە قىممەت ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغان بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق كارخانىلاردىمۇ ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى شەك-شۈبھىسىز ھالدا ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش-قىلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى قوشۇمچە قىممەت ھاسىل قىلىشنىڭ مەنبەسى، قوشۇمچە قىممەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئېكسپلاتاتسىيىگە تەڭ ئەمەس، قوشۇمچە قىممەت شەخسلەر ياكى گۇرۇھلار تەرىپىدىن ھەقسىز ئىگىلىۋېلىنىپ شەخسىي ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلسە ئۇ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغان بولىدۇ. قوشۇمچە قىممەت كوللېكتىپ ياكى دۆلەت تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىپ ئەمگەكچىلەرنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىلسە ئۇ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغان بولمايدۇ، بەلكى يەنىلا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇلغان بولىدۇ.

ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇشى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي بەلگىسى نېمە؟ مېنىڭچە سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي بەلگىسىنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى، بۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئىلگىرىدىكى جەمئىيەتلەردىن پەرقلىنىدىغان تۈپ ئالامىتىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان مونوپوللۇقتىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈمنىڭ تۈپتىن يوقىتىلغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. يەنە بىرى، سىياسىي جەھەتتە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى. بۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئىلگىرىكى جەمئىيەتلەردىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر تۈپ ئالامىتى بولۇپ، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ دىكتاتۇرا ئورگانلىرىدىن پايدىلىنىپ كۆپ سانلىق كىشىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن ئېزىدىغان تۈزۈمنى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ تىكلەنگەنلىكى، ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ يوقىتىلغانلىقى ۋە باشقىلار.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇشى ئالدى بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاجىزلاشتۇرمايدۇ. بەلكى ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. سوتسىيالىس-

تنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك دېگىنىمىز، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى بىلەن ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مۇلۇكچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئۇ ئومۇمىي خەلققە تەۋە، بەلكى ھېچقانداق شەخسى ۋە گۇرۇھقا تەۋە ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ياراتقان قوشۇمچە ئەمگىكىنى ياكى قوشۇمچە قىممىتىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشۋالىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولمايدۇ. كارخانا باشقۇرغۇچىلارمۇ ئادەتتىكى ئەمگەكچى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمگىكىگە چۇشلۇقلا ھەق ئالالايدۇ، كارخانىدا يارىتىلغان قوشۇمچە قىممەتنى ئۆزى خالىغانچە شەخسى ئېھتىياجىغا ئىشلىتەلمەيدۇ ھەم ئۇلاردا بۇنداق ئىمتىيازمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسمى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، بىر قىسمى كارخانىلارغا قالدۇرۇلىدۇ. ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىنى ئالساق، ئۇنىڭدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا شۇ كوللېكتىپ دائىرىسى ئىچىدىكى ئەمگەكچىلەر كوللېكتىپى ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئەمگەكچى شەخسلەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئالدىغا خالىغانچە بىۋاستە ئىگىلەپ ئالالمايدۇ. بۇ خىل كارخانىلارنىڭ بەزىلىرىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بەلگىلەنگەن دەرىجە بويىچە ئىش ھەققى ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياراتقان قىممىتى قوشۇمچە قىممەت قاتارىدا كارخانىغا قالدۇرۇلىدۇ، بەزىلىرىدە ھەرقايسىسىنىڭ ياراتقان قىممىتىنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قاراپ ئىش ھەققى تارقىتىپ بېرىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ياراتقان قىممىتىنىڭ بىر قىسمى ئاشۇرۇۋېلىنىپ كارخانىغا قالدۇرۇلىدۇ ۋە بەزى كارخانىلاردا باشقىچە تەقسىمات شەكىللىرىنىمۇ قوللىنىدۇ. مەيلى قانداق تەقسىمات شەكلىنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر بۇ خىل كارخانىلاردا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان مونوپولىقىدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنى ھەقسىز ئىگىلىۋالىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىۋاستە ئىگىسى ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەمگەك جەريانىدا ياراتقان ئومۇمىي قىممىتىنىڭ بىر قىسمى ئىش ھەققى سۈپىتىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىپ بېرىلىدۇ، قېپقالغان قىسمى قوشۇمچە قىممەت سۈپىتىدە كارخانا كوللېكتىپىنىڭ ئورتاق ئىگىدارچىلىقىغا قالدۇرۇلىدۇ. كارخانىلارغا قالدۇرۇلغان قىسمىنىڭ بىر قىسمى بەلگىلەنگەن نورما بويىچە باج سۈپىتىدە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، قېپقالغان قىسمى كارخانىنىڭ ئۆز مەبلىغىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇ ئىككى خىل مۇلۇكچىلىكتىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تاۋار قاتارىدا ئالماشتۇرۇلۇشى قوشۇمچە قىممەت ھاسىل قىلىشنىڭ شۇنداقلا ئومۇمىي

مۈلۈكچىلىكنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشنىڭ تۈپ ئاساسى. چۈنكى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يەنى ئۇنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئۇنى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان زامانىۋى تېخنىكا ئاساسىغا ئىگە قىلىش ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەش زور مىقداردىكى مەبلەغنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى خىل مۈلۈكچىلىك شەكلى سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئىككى خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە تاۋار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ ئۇلار ياراتقان قىممەتنىڭ بىر قىسمىنى قوشۇمچە قىممەت سۈپىتىدە دۆلەت ۋە كارخانىلارغا مەركەزلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى كېڭەيتىپ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكىلىق قۇراللىنىشىنى ياخشىلاشقا كېرەكلىك مەبلەغنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. قولغا كەلتۈرۈلگەن مەبلەغنىڭ سانى قانچىكى كۆپ بولسا، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى قانچىكى تەرەققىي قىلسا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاساسى شۇنچە مۇستەھكەم بولىدۇ ھەم شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى چەت ئەللىكلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان، چەت ئەللىكلەر ئۆز ئالدىغا بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىپ باشقۇرغان ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى ئەمگەكچى شەخسلەر ئۆز ئالدىغا قۇرغان كاپىتالىستىك ۋە يېرىم كاپىتالىستىك خاراكتېردىكى كارخانىلارغا كەلسەك، گەرچە بۇ خىل كارخانىلاردا يارىتىلغان قوشۇمچە قىممەتلەرنىڭ بىر قىسمى شەخسلەرنىڭ ياكى گۇرۇھلارنىڭ ئىختىيارى ئىگىلىۋېلىشىغا ئۆتۈپ ئېكسپىلاتاتسىيە خاراكتېرىنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل كارخانىلارنىڭ ئىگىلىكىنى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىگە سېلىشتۇرغاندا پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىكتىكى ئىگىلىگەن سالمىقى ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى چەتكە قاقالىغىدەك ياكى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇۋېتەلىگىدەك مادارى يوق. ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن بۇ خىل ئىگىلىك شەكىللىرىدىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ بەلگىلىك دائىرىدە مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ. لېكىن ئۇلار يەنىلا سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ پىلانى ۋە باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ يول قويۇلغان دائىرىدىن ھالقىپ چەكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىختىيارى، خالىغانچە، چەكسىز تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇلسا، ئۇلار تەرەققىي قىلىپ ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگى-

لىۋالسا ئۇ چاغدا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا سوتسىيالىزمدا ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇشى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ.

قىسقىسى، ئەمگەك كۈچى تاۋىرى تاۋار ئىگىلىكىگە باغلىنىشلىق بولغان ۋە تاۋار ئىگىلىكى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەم ئىقتىسادىي، ھەم تارىخىي كاتېگورىيە. ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مەۋجۇت بولۇشى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي شارائىتقا باغلىق بولىدۇ. ئەمگەك كۈچى تاۋىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدا مۇقەررەر ھالدا ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئاخىرى كاپىتالىزمنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ چەكلىك دائىرىدە مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇش خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇشى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدىغانلىقتىن ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

(بېشى 65 - بەتتە)

تولىمۇ مەلۇماتلىق ئادەم ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. بۇنى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۆزى تەستىقلايدۇ. ئەسەردە ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن مەلۇماتلار كەڭ ئورۇن ئالغان. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قىممىتى يالغۇز ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتىدىلا ئەمەس ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېسىل ئۈلگىسى ئىكەنلىكىدە.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىگە كەلسەك، ئۇ، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرى ئىچىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن نەمۇنىلەرنىڭ بىرى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىل، ئۇسلۇپ ۋە بەدىئىي ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىردىنبىر مەنبە؛ ئۈچىنچىدىن ئۇ شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ تۇتقان ئورنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاشتا ھازىرچە قولدا بار بولغان تارىخىي ھۆججەتلەرنىڭ بىرى؛ تۆتىنچىدىن، باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل-يېزىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەن.

# ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلىغا بىر نەزەر

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

ئۇيغۇر خەلقى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يارىتىشتا ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تارىختا ئۆزىگە مۇناسىپ تۆھپىلەر قوشقان. ئەنە شۇ تۆھپىلەردىن بىرى يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك». بۇ ئەسەر ھەجىمىنىڭ زورلۇقى، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ سالماقلىقى ۋە ئەسەر تىلىنىڭ گۈزەللىكى، ئوبرازلىقلىقى جەھەتتىن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى خېلى بۇرۇنلا تارتقان ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى ۋە دىداكتىك ئەسەر. ئاپتور ئەسەردە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، روھىي قىياپىتىنى، دۇنيا قارشىنى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى بولۇپمۇ دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرىنى، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاق، قاراشلىرىنى ناھايىتى گۈزەل تىل ۋە بەدىئىي ئۇسۇلدا بايان قىلغان. ئەسەردە يەنە دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت توغرىسىدا، دۆلەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدا، ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئىلىم-مەرىپەت توغرىسىدا ئاجايىپ دانا پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەسەردە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئەڭ ئىلغار ئىدىيىلەر مۇجەسسەملەنگەن، دەۋرنىڭ تەرەققىپەرۋەرلىك خاھىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. مانا بۇلار ئەسەرنىڭ شۆھرەت قازىنىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى.

قاراخانىلار سۇلالىسى XI ئەسىرگە كەلگەندە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئەڭ تەرەققىي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك بىر سۇلالە بولۇپ قالغانىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر باشلانغانىدى. بۇ يېڭى مەدەنىيەت غەرب مەدەنىيىتىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كەلگەنىدى. دېمەك، بۇ ئەسەرلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھايات ۋە مەدەنىيەت-سەنئەت يۇقىرى دەرىجىدە راۋاج تاپقان پۈتۈن بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ۋە ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا تۇتقان ئورنى غايەت زور. ئەسەر بەددىئىي جەھەتتىن يۈكسەك بىر ئۆلگە. شۇنداقلا XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى ئەسەردە بەددىئىي ماھارەت ئارقىلىق تولۇقى بىلەن مۇجەسسەملەنگەن.

XI ئەسىردە ھەممە تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان يېزىق ئەدەبىي تىل بار ئىدى. بۇ تىل قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. بۇ تىل مەھمۇد قەشقەرى «خاقانىيە تىلى» دەپ نام بەرگەن قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئەدەبىي تىلى ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان ئەسەر. بۇنى دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالىمۇرۇن ئېتىراپ قىلغان. ئەسەر ئىسلام دىنى قاراخانىلار تەۋەسىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ۋە يىلتىز تارتقان دەۋردە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما شۇنچە زور ھەجىملىك بۇ ئەسەردە ئەرەبچە، پارسچە بولۇپ تۇقساندىن ئارتۇقلا سۆز بار.

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەدەبىياتتىكى تەسىرى غايەت زور بولغان. بۇ تەسىر قەشقەر ئەتراپى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدىلا ئەمەس، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلانغان. بۇنى ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئەسەرى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ بەزى بابلىرى، ھەتتا ماقال تەمسىللەرنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەزى بابلىرىغا ۋە ماقال- تەمسىللەرگە ئوخشاپ كېتىشى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

× × ×

«قۇتادغۇبىلىك» يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، بەددىئىيلىكى ئىنتايىن يۇقىرى ئەسەر. بۇ، ئاپتورنىڭ تۈرلۈك بەددىئىي تەسۋىر ۋاستىلىرىدىن ئۇنۇملۈك ۋە تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپۋى ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئوبدان شەرھلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، رىتورىك خىتاب، رىتورىك سوراق ۋە سېلىشتۇرۇش قاتارلىق بەددىئىي ۋاستىلەردىن كەڭ پايدىلانغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىدىن، ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىنمۇ كەڭ پايدىلانغان.

بەددىئىيلىك مەسىلىسى بىر ئەدەبىي ئەسەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. بۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بېرىشتە دىققەت قىلىنىدىغان مۇھىم تەرەپ. بۇ، يازغۇچىنىڭ ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە بەددىئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەسىرىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان تۇرمۇش بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان ئىدىيەۋى ھېسسىياتنىڭ توغرىلىق، چىنلىق، ئېنىقلىق، جانلىقلىق دەرىجىسى بىلەن ئىستېتىك قىممىتى، بەددىئىي شەكلى، تىل ۋە بەددىئىي ماھارەت قاتارلىقلارنىڭ قانداقلىقىغا قارىتىلغان. ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ئۆزىگە خاس بەددىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەرقايسى شەكىللىرىنىڭ ئوي-پىكىرنى ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ھەم ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئېيتايلى، رەسسام تۈرلۈك بوياقلارنى ۋاستە قىلسا، مۇزىكانت ئاۋازنى ۋاستە قىلىدۇ؛ بالېتتا ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ۋاستە قىلىنسا، يازغۇچى تىلنى ۋاستە قىلىدۇ.

بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا، تىلنى ئوبرازلىق، جانلىق، كونكرېت ۋە ئاممىباپ قىلىشتا، ئومۇمەن تىلنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇشتا رولى ناھايىتى زور.

«قۇتادغۇبىلىك» تە گۈزەل بەدىئىي ۋاستىلەردىن بىرقانچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇق ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. بۇلار ئاپتورنىڭ سىياسىي ۋە دىداكتىك پىكىرلىرىنى تەستىقلىشى ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلغان.

1. ئەسەردە ئوخشىتىش ئۇسۇلى ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان. ئوخشىتىش ئۇسۇلى قەدىمكى زامانلاردا خەلق ئاغزاكى ئىجادىدا ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتتا كەڭ قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ بىرى. بۇ ئەسۇل كلاسسىك ئەدەبىياتتا «تەشبىھ» دەپ ئاتالغان. بۇ ئۇسۇلنىڭ تەشبىھى سەرىھ (ئېنىق ئوخشىتىش)، تەشبىھى مەشرۇت (شەرتلىك ئوخشىتىش) تەشبىھى تەفزۇل (چېكىنىش يولى بىلەن ئوخشىتىش)، تەشبىھى ئەكس (تەتۈر ئوخشىتىش)، تەشبىھى مۇزمار (يوشۇرۇن ئوخشىتىش) تەشبىھى تەۋسۇيا (باراۋەر ئوخشىتىش)، تەشبىھى مۇسەلسان (ئارقا-ئارقىدىن ئوخشىتىش). تەشبىھى كىنايەت (كىنايە يولى بىلەن ئوخشىتىش)، تەشبىھى مىيقات (تەكت يولى بىلەن ئوخشىتىش) دېگەندەك تۈرلىرى بولغان بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشىتىشنىڭ پەقەت ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش دېگەندەك تۈرلىرىلا بار.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئوخشىتىشنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەكىللىرى كەڭ ئورۇن ئالغان ۋە بۇلار ئەسەردە ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغان. مەسىلەن،

ئاپتور ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقىغا ئېچىنىپ، قېرىلىقتىن شىكايەت قىلغاندا مۇنۇ ئوخشىتىشلارنى قوللانغان.

بويۇم ئەردى ئوقتەگ، كۆڭۈل ئەردى يا،
كۆڭۈل قىلغۇ ئوق، بويۇم بولدى يا. (371)

قېيىندەك بويۇم ئەردى. ئوقتەك دۇرۇس-تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئىگىشتىم. (6532)

بۇ قۇرلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىشلار تولىمۇ كونكرېت ھەم ئوبرازلىق. مەسىلەن،

«ئۇق» ۋە «يا» غا ئوخشاش. ئاپتور بۇ قۇرلار ئارقىلىق ئادەمنىڭ مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشىش ۋاقتى ياشلىق ۋاقتى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن.

خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر، چوپان،
(1412) چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.

ئاپتور بۇ قۇردا خەلقنى قويغا ئوخشاتقان بولسا، شاھنى پادىچىغا ئوخشاتقان. ئاپتور بۇ ئارقىلىق پادىچى ئۆز قويلىرىغا قانداق كۆيۈنگەن بولسا، شاھمۇ ئۆز پۇقرالىرىغا شۇنداق كۆيۈنۈشنى تەلەپ قىلغان.

كىشىنىڭ دىلى باغ، ياشارتقۇچ سۈيى —
(1807) ئېرۇر بەگنىڭ نەسىھەت ھەم ياخشى سۆزى.

قايۇ باغقا كىرسە سۇ گەر ئۆكسىمەي،
(1808) تۈمەن خىل خۇشپۇراق چېچەك گۈللىگەي.

ئاپتور بۇ قۇرلاردا دىلنى باغقا، شاھنىڭ ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە قىلىدىغان ياخشى سۆزلىرىنى باغنى ياشارتقۇچى سۇغا ئوخشاتقان.

ئاپتور ئەسەردە يۇقىرىقىدەك مۇرەككەپ ئوخشىتىش شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئاددىي ئوخشىتىش شەكىللىرىدىنمۇ كەڭ پايدىلانغان. مەسىلەن، ئەسكەر باشلىقى قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنۇلارنى يازىدۇ:

ئۇ بولسۇن ھىلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
(2312) ئاداۋەتچى بولسۇن بۆرىدەك تۈگىدەك.

سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
(2313) كۆرسە قىيا قوزغۇنىدەك يىراقنى كۆزى.
قارا، بولسۇن ھىممەتتە ئۇ ئارسلان،
(2314) كېچىسى ھۇقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

ئوخشىتىشلاردىن پايدىلانغاندا، ئوخشىغۇچى بىلەن ئوخشالغۇچىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىشلىتىلگەن ئوخشىتىشلاردا بۇ تەلەپ ئۈبدان ئورۇندالغان.

2. «قۇتادغۇبىلىك» تە بەدىئىي تەسۋىر ۋاسىتىلىرىدىن جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان. بۇ ئۇسۇلدا جانسىز ياكى ئابستراكت نەرسىلەر ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن، يەنى ئادەمگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدىغان، پىكىر قىلىدىغان ۋە سۆزلەيدىغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

جانلاندۇرۇش قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ روھلار ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن باغلىق ئىدى، كېيىنچە ئۇ مەخسۇس مەجازى ئۇسۇل سۈپىتىدە شېئىرىيەتتىن كەڭ ئورۇن ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاغزاكى ئىجادىي ۋە يازما ئەدەبىياتتا بۇ ئۇسۇل كۆپ ئۇچرايدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا بۇ ئۇسۇل «تەشخىس» دەپ ئاتالغان.

جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشىتىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى. ئۇ بالىلار ھېكايىسى، مەسەل شېئىرلاردا، ئومۇمەن لىرىك ئەسەرلەردە كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا قۇشلار، ھايۋانلار، دەل-دەرەخ ۋە باشقا گىيالار ئادەم قىلىپ يېزىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئەسەرنىڭ لىرىكىلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ.

جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىدا نەرسە ئادەملەشتۈرۈلىدۇ ياكى ئادەم نەرسىلەشتۈرۈلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇشۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ھەر ئىككىسى قوللىنىلغان. مەسىلەن،

ئاپتور ئەسكەر باشلىقى يۈرەكلىك، جەسۇر بولغاندىلا ئاندىن قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭمۇ جاسارەتلىك بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنۇلارنى يازىدۇ.

(1) بولۇۋەرسە ئىتقا، كۆر، باش ئارسلان،
(2047) بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.

(2) ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
(2048) بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

(3) قۇتتۇلدى خەلق، كەتتى رەخمەتلىرى،
(1040) قوزى بىرلە يۈردى قوشۇلۇپ بۆرى.

(4) جاھان باغلىدى، كۆر، تولۇق بەخت قۇرى،
(461) قوزى بىرلە قېتىلىپ يۈرۈشتى بۆرى.

(5) مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش، دەيدۇ ئۇ كەل،
(366) بارارمەن ئەگەر يەتمىسە ئەجەل.

(6) قاشىن تۈردى ئاسمان، كۆزى ياش چاچار،
(80) چېچەكلەر يۈز ئاچتى، كۈلۈپ قاتقارار.

(7) پەلەك بىرتىنى كىيگەن قارا كۆڭلەگىن،
(4966) كۆتەرىپ بەرەنجە، ئۇ ئاچتى يۈزىن.

يۇقىرىدىكى مىساللارنىڭ (1) (2) (3) (4) لىرىدە ئادەم نەرسىلەشتۈرۈلگەن بولسا، (5) (6) (7) لىرىدە نەرسە ئادەملەشتۈرۈلگەن:

3. ئەسەردە يەنە بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن رىتورىك خىتاب ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان. بۇ ئۇسۇلدا ئاپتور كىتابخان ياكى تىڭشىغۇچىنى ئوبيېكت قىلمايدۇ، بەلكى ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژ ياكى ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان نەرسە بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىدۇ ياكى ئۇنىڭغا خىتاب قىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئەسەرنىڭ لىرىكىلىقىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ ئۇسۇل لىرىك ئەسەرلەردە كۆپ قوللىنىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قېرىلىقتىن شىكايەت قىلغاندا مۇنۇ قۇرلارنى يازىدۇ:

نېمە قىلغان ئەردىم ئەي ئەللىك ساڭا،
(369) نېمە شۇنچە سەن ئۆچ ساقلىدىڭ ماڭا.

بۇ مىسالدا ئاپتور كىتابخاننى ئوبيېكت قىلغان ئەمەس، بەلكى «ئەللىك ياش»قا خىتاب قىلغان.

4. ئەسەردە رىتورىك سوراق ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان. بۇ ئۇسۇل مەلۇم بىر نۇقتىنى تەكىتلەش، كىتابخان بىلەن تىڭشىغۇچىنى ئويغا سېلىش رولىنى ئوينايدۇ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ كىتابخان بىلەن تىڭشىغۇچىنىڭ دىققىتىنى مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا جەلپ قىلىدۇ ۋە كىتابخان بىلەن تىڭشىغۇچىغا مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇسۇل پىكىرگە (ئىپادىگە) كۈچلۈك ھېس ھاياجان، تەسىرچانلىق ۋە ئېنىقلىق بېغىشلايدۇ.

رىتورىك سوراق ئۇسۇلى سوئال قويۇش ۋە قايتۇرما سوراق دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. سوئال قويۇشتا ئاپتور كىتابخان بىلەن تىڭشىغۇچىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈش ئېھتىمالىنى ياكى مەسىلىلەرنى خاتا، مۇجمەل چۈشىنىپ قېلىش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور سوئال قويۇپ، ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ. قايتۇرما سوراق جاۋاب تەلەپ قىلمايدۇ. سوئالنىڭ ئۆزىدىن جاۋاب چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئاپتورنىڭ ئوي-پىكرىنى كۈچەيتىدۇ، مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، قەتئىيلەشتۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خۇدانىڭ «ئىلتىپاتى»غا شۈكۈر قىلىش توغرىسىدىكى بايانلاردا قايتۇرما سوراق ئۇسۇللىرىدىن ئوبدان پايدىلانغان. مەسىلەن،

نىمە ياخشىلىق بار ماڭا قىلمىدىڭ،
نىمە ئارزۇ قالدى ماڭا بەرمىدىڭ. (3054)

5. ئەسەردە يەنە بەدىئىي تەسۋىر ۋاستىلىرىدىن بولغان سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان، بۇ ئۇسۇل ئۆزىنىڭ تەسىرچانلىقى بىلەن ئاپتورنىڭ ئەسەردە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى نەرسە، چۈشەنچە ياكى بىر نەرسىنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى تەرىپى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ، ئوي-پىكىر ئېنىق، گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا سېلىشتۇرۇلغان ئىككى تەرەپنىڭ بىر تەرىپى ناھايىتى ئېنىق، گەۋدىلىك بولىدۇ. ياكى سېلىشتۇرۇلغان ھەر ئىككى تەرەپ كىشىلەرنى ئويغا سالىدۇ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق كىشى لايىق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا بۇ ئۇسۇلدىن ئوبدان پايدىلانغان. مەسىلەن،

ئەقىلسىز كىشىدۇر يېمىشسىز ياغاچ،
نە قىلغاي يېمىشسىز دەرەخلەرنى ئاچ. (2455)

بۇ مىسالدا ئاپتور بىلىمسىز-ئەقىلسىز ئادەملەرنى يېمىشسىز دەرەخ بىلەن سېلىشتۇرغان.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ناھايىتى نۇرغۇن ماقال-تەمسىل ئۇچرايدۇ. ئاپتور ئۆز پىكىرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن بۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

ماقال-تەمسىل خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى، بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى يەكۈنلەپ بېرىدىغان، خەلققە ئۈلگە-ئىبرەت بولىدىغان ئەقلىيە سۆزلەر بولۇپ، بۇلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانا، ئۆتكۈر پىكىرلىرى، تۇرمۇشقا بولغان كۆز قاراشلىرى تولۇق ئەكس ئەتكەن. ماقال-تەمسىل كىشىلەرنى ياخشىلىققا، ئەخلاقلىق، ئەدەبلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ؛ كىشىلەرگە ئادەم بولۇش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ھورۇنلۇق ۋە باشقا يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ. قىسقىسى، ماقال-تەمسىل ئومۇمىي خەلق تەپەككۇرىنىڭ، ئەقىل-ئىدرىكىنىڭ مەھسۇلى.

ماقال-تەمسىل تىلدا ئوي-پىكىرنى ئىخچاملاش رولىنى ئوينايدۇ؛ نۇتۇقنىڭ ئاممىباپلىقىنى بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ؛ نۇتۇققا ئېنىقلىق، جانلىقلىق، كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. تۆۋەندىكى مىساللار بۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
(167) تىلىڭنى تۈزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن،

كېسەل گالدىن كىرۇر، ئۇنى چىڭ كۆزەت،
(4615) يېگىن ئاشنى تەڭشەپ، ئاز-ئاز يە پەقەت.

كېسەل دەردى ئەرگە گالدىن كىرۇر،
(2895) ئۇنىڭ دورىسى ھەم ئېغىزدىن بولۇر.

ئۆي ئالماق تىلىسەڭ، قوشنىغا قارا،
(4548) يەر ئالماق تىلىسەڭ، سۇيىنى ئارا.

ئەگەر كىرسە ئاق سۈت بىلەن ياخشى خۇلق،
(881) ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۆزگەرمەس قىلىق.
چېچەكتىن بىلىنۇر دەرەخ مېۋىسى،
(1651) بۇ ھەممە ئۈچۈن بىر مىسال بولغۇسى.

نېمە تەرسە يەرگە شۇ نەرسە ئۈنۈر،
(1394) نېمىنى تېرىسا شۇنىلا ئالۇر.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتە ئۈچۈن قويماغىل،
(5503) ئەتە ئىش بولسا، ئۇ قالۇر يەنە، بىل.

يېغى بىر بولسىمۇ، مىڭدۇر زىيىنى،
(4190) مىڭ بولسىمۇ دوست، ئاز دەپ بىل ئۇنى.

ئۇرۇلغان تاياقنىڭ ياراسى پۈتەر،
(2580) بۇ تىل سۆكسە پۈتمەس، ياراسى تۇرار.

يامانىنى قىلما ئەش، قېچىپ نېرى بار،
(4194) يامان ھەمرا سېنى يولدىن ئازدۇرار.

قاراغا يولۇقما، ئەيا قىلغى ئاق،
(4239) يۇقۇرلەر بۇ ئاققا قارا تېزلا، باق،

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بېشىڭ نەدىن كېتۇر، تىلىڭدىن»، «كېسەل ئېغىزدىن كىرۇر»، «ئۆي ئالىما، قوشنا ئال»، «سۇت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقۇر»، «بولىدىغان ئاش، كۆكىدىن مەلۇم بولۇر»، «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئورۇيسەن»، «بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما»، «يۈز دوستتىن بىر دۈشمەن كۆپ»، «ئاياق يارىسى كېتەر، تىل يارىسى كەتمەس»، «يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى (يۇقار)» دېگەن ماقال، تەمسىللەر «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ماقاللارغا ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنىڭ شەكلى ئاز تولا ئۆزگەرگەن هالدا خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. قىسقىسى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال ـ تەمسىلەر «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى بولۇپ، بۇلار ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەهسۇلى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە يەنە ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر نۇرغۇن مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ، بۇلار ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە. بۇ مەلۇماتلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا خاس قائىدە يوسۇنلار ۋە بەزى دىنىي تۈس ئالغان ئادەتلەر ئالاهىدە ئورۇن ئالغان.

هەممىگە مەلۇم، هەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولىدۇ. بۇلار شۇ مىللەتنى ئىككىنچى بىر مىللەتتىن ئايرىپ تۇرىدىغان خاراكتېرلىك بەلگىلەر بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلار شۇ مىللەتنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنىڭ مۇهىم مەزمۇنى.

ئۇيغۇر خەلقىمۇ نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئىگە. لېكىن بۇلارغا ئۇيغۇرلار ئۆزتارىخىدا ئېتىقاد قىلغان بىرمۇنچە دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى چوڭقۇر سىڭگەن.

يۈسۈپ خاس هاجىپ «قائىدە ـ يوسۇن» لار ئۈستىدە توختالغاندا مۇنۇلارنى يازىدۇ:

سېنىڭدىن ئۇلۇغ ئاشقا سۇنسا قولىن،
(4596) يوسۇن شۇكى، قولۇڭنى ئۇزاتقىن كېيىن.

كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالمىغىن،
(4598) نېمە بولسا ئالدىڭدا شۇنى يېگىن.

كىشىنىڭ ئالدىغا قولۇڭ سۇنماغىل،
(4130) ئى زېرەك، ئۆز ئالدىڭدىكىنى يېگىن.

سېنىڭدىن بۈيۈكلەر مەگەر قىلسا سۆز،
(4116) قۇلاق سال ئۇنىڭغا، ئۆز سۆزۈڭنى ئۈز.

ئۆزۈڭ ئولتۇرار بولساڭ ئۆرنۈڭنى بىل،
(4112) سىلىق بول، كىشىلەرنى رەنجىتمىگىل،

تۈكۈرمە گېلىڭنى قاقىرتما قاتتىق،
(4113) نادانلىق بولۇر ئۇ، يوقاتۇر تاتىق.

باداشقاننى قۇرما، يانچە ياتماغىل،
(4114) قاقاھلاپ قاتتىق ئۈن بىلەن كۈلمىگىل.

يەنە تىرناق ئالما، مىڭگەشتۈرمە پۇت،
(4115) قىلىپ خار، قاچۇرغاي سېنىڭدىن ئۇ قۇت.

يۇقىرىقى مىساللار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق ۋە قائىدە-يوسۇنلۇق خەلق ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى «ئوڭ» بىلەن «سول» غا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. «ئوڭ» بىلەن «سول»غا بولغان بۇ مۇئامىلە كۈچ ۋە ئەپچىللىك جەھەتتىن پەرقى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، بۇنىڭغا بەزىبىر دىنىي ئەقىدىنىڭ چوڭقۇر سىڭگەنلىكىدۇر. بۇنى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى مۇنۇ قۇرلار بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن:

ئېرۇر ياخشىلىق ئوڭ، يامانلىق ئۇ سول
(917) جەھەننەم سولۇڭدا، بېھىش ئوڭدا ئول

بۇ مىسال ئۇيغۇرلاردا «ئوڭ» بىلەن «سول» غا بولغان ئەقىدىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «ئوڭ» بىلەن «سول» غا بولغان مۇئامىلە ھەر جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن،

(1) ئۇيغۇرلار ئوڭ قاپاق تارتسا ياخشىلىقتىن بىشارەت، سول قاپاق تارتسا پېشكەللىكتىن بىشارەت، دەپ قارايدۇ. شۇڭا تارتىۋاتقان سول قاپاقنى داۋاملىق تارتتۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سامان پارچىسى چاپلاپ قويىدۇ ياكى تۈكۈرۈك بىلەن

قولنى ھۆلدەپ تارتىۋاتقان سول قاپاقنى سىلاپ-سىلاپ قويىدۇ.

(2) ياشانغان ئادەملەر مەسچىت قاتارلىق مۇبارەك يەرلەرگە ياكى بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە «بىسمىللا» نى تىلغا ئېلىپ، بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتنى ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئىشىكتىن كىرۇردە كىر ئوڭ پۇت بىلەن،
(4057) ئەمىر قىلسا ئاڭلا، پاراسەت بىلەن

(3) ئۇيغۇرلار ئۆيىگە كەلگەن مېھمانغا ياكى ھۆرمەتكە لايىق ئادەملەرگە چاي، تاماق ياكى باشقا نەرسە سۇنۇش توغرا كەلگەندە ئوڭ قولنى ئىشلىتىدۇ، سول قولنى ئىشلىتىشنى ھۆرمەتسىزلىك دەپ بىلىدۇ. بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

سۇنۇلغاي بىسمىللا بىلەن ئوڭ قولۇڭ،
(4597) بولۇپ بەرىكەت يېمەكتە،يېيىسەن ئۆزۈڭ

(4) ئۇيغۇر خەلقى بىراۋ بىلەن كۆرۈشكەندە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ ياكى ئوڭ قولى بىلەن قول ئېلىشىدۇ.

(5) ئۇيغۇرلار كېچىسى ياتقاندا سول يانىنى بېسىپ ياتسا «يامان بولىدۇ» دەپ ئوڭ يانىنى بېسىپ ياتىدۇ. سول يانىنى بېسىپ يېتىپ كېچىسى قارا بېسىپ قېلىپ مىجەزى چۇسلىشىپ قالسا، باشقىلار ئۇنى «بۈگۈن ئوڭ يېنىڭدىن قوپماي سول يېنىڭدىن قوپقان ئوخشايدۇ» دەيدۇ.

(6) ئۇيغۇرلار بىرەر ئامەتكە ياكى ئوڭۇشلۇققا يولۇقسا «ئىشىم ئوڭدىن كەلدى» ياكى «ئىشىم ئوڭغا تارتتى» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى مىساللار ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوڭ» ۋە «سول» غا بولغان مۇناسىۋىتى. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، بۇنىڭغا بىرەر دىنىي ئەقىدە سىڭگەن.

ئۇيغۇر خەلقى چۈشكە قاتتىق ئىشىنىدۇ. ئۇلار كۆرگەن چۈشنى تەقۋا ئادەملەرگە ئۆردۈرىدۇ؛ ئۆرۈگەن چۈشنى كۆرگەنلا ئادەمگە دېمەيدۇ. ۋە ئۆردۈرمەيدۇ. بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ:

بىلمىسىزگە چۈشنى ئېچىپ دېمىگىن،
(5955) كېچىكتۈرمەي ئۇنى بىلگەنگە دېگىن

ئۆزۈڭچە ئۆرىمە كۆرگەن چۈشۈڭنى،
(5998) ھەم ئېيتما كۆرۈنگەن كىشىگە ئۇنى

چۈش ئۆرىگۈچى بەزى چۈشلەرگە «ياخشىلىقتىن بېشارەت» دەپ تەبىر بەرسە بەزى چۈشلەرنى ئۆرىمەستىن «سەدىقە بېرىۋېتىڭ» دەيلا قويىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

بىمەنە بولسا چۈش ۋە يا بەك يامان،
(4369) بېرىپ سەدىقە ئۆزىن كۆزەتسۇن شۇئان.

بىر ئادەم كۆرگەن چۈشىدە يىغلاپ يۈرگەن بولسا ئۇنى ياخشىلىق ۋە خۇشاللىققا جورۇيدۇ. ئەگەر كۆرگەن چۈشىدە ئويناپ-كۈلۈپ يۈرگەن بولسا بۇنى بىرەر پىشكەللىك ۋە كۆڭۈلسىزلىككە جورۇيدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئەگەر غەم چۈشىسە بولۇر خۇشچىلىق،
(6022) خۇشاللىق چۈشىسە كېلۇر قايغۇ، بىل

ئەگەر بىراۋ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەن بولسا، قول-ئىلكىدە بارلار بىرەر مالىنى ئۆلتۈرۈپ، سەدىقە ئورنىدا گۆشىنى خام تالاش قىلىدۇ. قول-ئىلكىدە يوقلار بولسا، قەلەندەرلەرگە ئاز-تولا بىر نەرسە سەدىقە قىلىدۇ. ئەگەر كۆرگەن چۈشىدە ئوتتۇرا چىشى چۈشۈپ كەتسە ياكى تام يىقىلسا، بۇنى يېقىن تۇغقانلار ئىچىدە بىرەر ئۆلۈم بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىسى ياكى بىۋاسىتە تۇغقانلىرىدىن بىرەرسى چۈشىگە كىرىپ قالسا، بۇنى «روھى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، بىزدىن مەدەت تىلەپتۇ» دەپ بىلىدۇ-دە ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئالاھىدە ياغ پۇرىتىپ دۇئا-تەكبىر ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ روھى ھەر جۈمە كۈنى مەككىگە توپلىنىشىپ، جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ، دەيدىغان قاراش بار. شۇڭا ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ روھى مەككىگە بېرىشى ئۈچۈن روھى تېتىك بولۇشى لازىم، دەپ قارايدۇ-دە. ھەر پەيشەنبە كۈنىيىت سېلىپ ياغ پۇرىتىش ئادىتى ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا،

يىغىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
(ئاخىرى 44 - بەتتە)

# «ئوغۇزنامە» دىكى شامان دىنى ئېتىقادى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

بايىر روزى

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقالغان قەھرىمانلارغا مەدھىيە ئوقۇلغان نەسىرىي شەكىلدىكى تارىخىي داستان. گەرچە «ئوغۇزنامە» نىڭ ھەجمى كىچىك، قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ۋە كلاسسىك ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى نادىر ئەسىرى. ئۇ زور تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن باغلانغانلىقى ئۈچۈن باشقا مىللەت ئېپوسلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ «يېقىندىن تېپىلغان تارىخىي پاكىتلار كىشىلەرنى ئۆتكەنكى تارىخنى يېڭىباشتىن تەتقىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى».① مورگان ۋە ئېنگېلس «ئىلىيادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىنى قەدىمكى گىرېك جەمئىيىتىنى چۈشىنىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال قىلغاندەك بىزمۇ «ئوغۇزنامە» نى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال قىلىمىز.

ئېپوسنىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى XIII ئەسىردە تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ، «ئوغۇزنامە» دە ئەكس ئەتكەن شامان دىنىغا دائىر مەلۇماتلار بىزنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمىي دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ھاياتى، پائالىيىتى قاتارلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ قالماستىن، بىزنى مول تارىخىي ماتېرىياللار بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ. «ئوغۇزنامە» نىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسى» (Biblioheque Nationale) دا ساقلانماقتا، قول يازما قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىرماش شەكلى بىلەن يېزىلغان. XIV ئەسىردىكى پېرسىيە تارىخشۇناسى راشىددىننىڭ «ئومۇمىي تارىخ» دېگەن كىتابىدا «ئوغۇزنامە» توغرىلىق مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ ۋەقەلىكىگە ئىسلام دىنى تامغىسى بېسىلغان. ئوغۇز بىر تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ يات دىندىكى دادىسى — قارا خاقانغا قارشى تۇرغان سەردار سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن كىتا-

① ئېنگېلس «دىيورىڭغا قارشى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 72 - يىل نەشرى.

بىدا ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكەن بولسىمۇ يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىغا يېقىن، تەتقىق قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق «شەجەرىِ تۈرك» تە ساقلانغان نۇسخىسى بىلەن پارىژدا ساقلانغان نۇسخىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تېخىمۇ قەدىمكى نۇسخىلارنى مەنبە قىلغانلىقى ئېھتىماللىغا يېقىن. چۈنكى نەشىر قىلىپ تارقىتىلغان نۇسخىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇددا، ئىسلام دىنىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ «ئوغۇزنامە» نىڭ مىلادىدىن ناھايىتى بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. داستاننىڭ باش قىسمىدا ئوغۇزنىڭ گۆشنى خام يېگەنلىكى توغرىلىق مەلۇمات بېرىلگەن، ئىنسانلار ئوتنى ئىقتىرا قىلىشتىن بۇرۇن گۆشنى خام يەيتتى، جاھالەت دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوت ئىقتىرا قىلىنغان.① دېمەك «ئوغۇزنامە» نىڭ بىر ھالىتى جاھالەت دەۋرىدىن بۇرۇن بولسا كېرەك. يۇقىرىقى بايانلار داستاننىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پاكىت بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ماددىي-مەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى، دىنىي ئېتىقادى، ئىپتىدائىي ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى، شۇنداقلا قەدىمكى ئىدىئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز بۇ ماقالىدا داستاندا ئەكس ئەتكەن شامان دىنىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي دىنىي ئېتىقادىغا بولغان كۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەڭ كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز.

دىن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئېتىقاد بولۇپ كەلدى. ئىنسانىيەت دۇنياسى مەيدانغا كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە دىنغا ئېتىقاد قىلمىغان بىرمۇ مىللەت يوق. تارىخ تەرەققىياتى جەريانىدا ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوخشىمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلغان، شۇ سەۋەبتىن دەۋر چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. بۇ تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى. داستاندا شامان (قامان) دىنىنىڭ سالمىقى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، شامان (قامان) ئەسلى مانجۇ تۇنگۇسچە سۆز بولۇپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «پېرىخونلۇق»، «پال سېلىش»، «باخشى»، «سېھىرگەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شامان دىنى تەبىئەت جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي دىن. ئېنگلىس: «شامان دىنى ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان مەزگىللەردە پەيدا بولغان»② دەپ كۆرسەتكەن. ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىپ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئىسپات قىلىشىچە، شامان دىنى بۇندىن 6000 - 2500 يىللار بۇرۇنقى قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئالتاي دالىسىدا پەيدا بولغان. لوپنۇرنىڭ كۆنچى دەريا بويىدىكى قەۋرىلەردىن ۋە چەرچەن زاغۇنلۇق قەۋرىستانلىقىدىن

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 86 - يىللىق 2 - سان، 78 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 81 - يىل 3 - سان 114 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

تېپىلغان بۇندىن 3000 يىل بۇرۇنقى مەشئەللەر بۇ نەۋقىتنىڭ جانلىق ئىسپاتى①. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن قۇياشنى تەڭرى قىلغان. يورۇقلۇق ئىزدەش، يورۇقلۇققا چوقۇنۇش ئىستىكى بىلەن شامان دىنى پەيدا بولغان، شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ تۇرمۇشقا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ھەتتا بۇددا دىنى (مىلادىنىڭ ئالدى كەينىدە) نى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتىمۇ شامان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ساقلاپ قېلىنغان. بەزى ئادەتلەر ھازىرمۇ ساقلانماقتا. شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ قامان دىنى بويىچە «كۈن تەڭرى» گە ئېتىقاد قىلىش مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى، داستاندا ئوغۇزخاننىڭ تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشكەنلىكى، ئۇنىڭ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. «تەڭرى» سۆزى ئەسلىدە شامان ئاتالغۇسى بولۇپ خۇدا مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شامان دىنىدىن كېيىن پەيدا بولغان دىنلارمۇ «تەڭرى» نامىنى قوبۇل قىلغان»② دېمەك ئوغۇزخان ئېتىقاد قىلغان ئىلاھ «تەڭرى» ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردە مەلۇم بولۇشىچە «تەڭرى» دېگەن ئىلاھ نامى مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردىلا ھۇن تىلىدا مەۋجۇت ئىكەن. شامان ئېتىقادى بويىچە ئىنسانلارنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان تەبىئىي ھادىسە ۋە كائىناتنى «تەڭرى» دەپ ئاتىغان، شۇنداقلا ئۇنى «يورۇقلۇق ئالەم» دەپ چۈشىنىپ ئېتىقاد قىلغان، ئاسماندىن چۈشكەن نۇر ئىچىدىن بىر قىزنىڭ پەيدا بولۇشى رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىسىمۇ ئۇ يەنىلا شامان ئەقىدىسى بويىچە خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىسىگە ئاتا قىلغان «شەپقىتى» ھېسابلىناتتى، شامان ئەقىدىسى بويىچە «يەتتە قات ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدە ئەڭ ئالىي خۇدا يەنى تەڭرى پۈتۈن ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ياخشىلىق خۇداسى كۆكتە تۇرۇپ يەر يۈزىدىكى ئاپەتلەرنى يوقىتىپ ئەزىز بەندىلىرىنىڭ تەلىپىنى راۋا كەلتۈرىدۇ، ئىنسانغا بەخت ئاتا قىلىدۇ» «ئىمتىيازلىق پىرىخۇنلار خۇدالارغا ۋاكالىتەن جىن ئالۋاستىلارنى قوغلاپ كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدۇ. رەم سېلىش ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن بىشارەت بېرىدۇ» دەيدىغان كۆز قاراش مەۋجۇت. ئوغۇزخان» نىڭ تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا ئاسماندىن چۈشكەن نۇر ئىچىدىن گۈزەل بىر قىزنىڭ پەيدا بولۇشى دەل شامانىزم ئېتىقادى بويىچە تەڭرىنىڭ ياخشىلارغا بەخت ئاتا قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. نۇر ئىچىدىن پەيدا بولغان قىزدىن ئوغۇزخان ئۈچ پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇلارغا «كۈن، ئاي، يۇلتۇز» دەپ ئىسىم قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرى (ئىدىيىسى) دىن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، شۇ سەۋەبلىك ئوغۇزخاننىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئىسمىنىمۇ شامان ئېتىقادىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئىنسانلار كۆك تەڭرىگە چوقۇنغان. داستاندا

① ئۈرۈمچى «كەچلىك گېزىتى» 86 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ.

② «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 87 - يىللىق 3 - سان 95 - بەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېمىغا، بوۋىلىرىغا، كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش چۈشەنچىسى ۋە شامان ئەقىدىسى كەڭ تۈردە ئەكس ئەتكەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلىك دۇنيادىكى خىلمۇ-خىل ئۇرۇق-قەبىلىلەر ۋە قان سىستېمىسى بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدىغان كىشىلەر يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە قەبىلە ئاقساقالى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش تەبىئەت دۇنياسىدىمۇ خىلمۇ-خىل تەبىئىي ھادىسىلەر يەنى شامال، قار، يامغۇر، چاقماق، گۈلدۈرماما، كەلكۈن، ھاۋا تۇتۇلۇش، تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىشى قاتارلىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان ئەڭ ئالىي ھەممىگە قادىر تەڭرى بولۇشى كېرەك ئىدى. «كۈن، ئاي، يۇلتۇز» قاتارلىق ئىسىملارنىڭ قويۇلۇشى ھەر خىل تەبىئەت كۈچلىرىگە باشچىلىق قىلىدىغان ئاسمان تەڭرىسى چۈشەنچىسىنىڭ داستان مەيدانغا كەلگەن ئاشۇ دەۋردە ئاساسلىق ئېتىقادقا ئايلانغانلىقى، ھەتتا كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىدا بار بولغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇپ چوقۇنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا «كۈن، ئاي، يۇلتۇز» ئىسىملىرىنىڭ قويۇلۇشى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنغان ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ھاياتى تەبىئەت بىلەن زىچ باغلانغان، تەبىئەت ۋە تەبىئىي ھادىسىلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا جىددىي ۋە داۋاملىق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزنىڭ ئوۋغا چىقىپ كۆل ئوتتۇرىسىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا تەنھا ئولتۇرغان قىزغا ئاشىق بولۇپ ھوشىدىن كەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىكى، ئۇلارغا «كۆك، تاغ، دېڭىز» دەپ ئىسىم قويغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئوغۇزنىڭ تۇنجى ئايالى ئاسماندىن چۈشكەن كۆك نۇر ئىچىدىن پەيدا بولغاچقا ئۇ ئاسمان جىسىملىرىغا خاس بولغان گۈزەل تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن: نۇر ئىچىدىن پەيدا بولغان قىزنىڭ پېشانىسىدىكى چوغدەك مېڭى تۆمۈر قوزۇق (شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى) قا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەنگەن. گۈزەللىكى بولسا «ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلايدۇ. ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ قوشۇلۇپ كۈلىدۇ» غان ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ، دەرەخ كاۋىكىدىكى قىز بولسا تەبىئەت (يەر) جىسىملىرىغا خاس تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن: «كۆزى ئاسماندىن كۆك، چېچى سۇ ئېقىندەك، چىشى ئۈنچىدەك» دەپ، گۈزەللىكى بولسا «يەر جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى كۆرسە ئاھ! ئاھ! جاننى ئالىدىكەن» دەپ تەسۋىرلەنگەن، بۇ قىزدىن بولغان ئۈچ ئوغۇلغا يەر يۈزىدە بار بولغان تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ ئىسمى يەنى «كۆك، تاغ، دېڭىز» قويۇلغان، بۇ يەردىكى «كۆك» سۆزى بىر قەدەر ئومۇمىي بولغان كەڭ مەنىگە ئىگە، «كۆك» سۆزى بۇ يەردە ئاسماننى كۆرسەتمەستىن زېمىندىكى كۆكچىلىك — يايلاق، ئورمانلىقنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلاردا ۋە شامان دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە كۆك (ئاسمان) غا چوقۇنۇش ئادىتى، كېيىنچە رەڭگە سۈيۈنۈش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلغان. يېپيېشىل يايلاقلار، بۈك-باراقسان، كۆپكۆك ئورمانلارغىمۇ ئالاھىدە ھەۋەسلەنگەن. مانا بۇلار ئۇزاق مۇددەت شامان دىنىغا

ئېتىقاد قىلىشنىڭ تەسىرىدە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا بار بولغان گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، گۈزەللىكتىن پەخىرلىنىش ئىستىكىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. «تارىخنامە» «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا مەلۇمات بېرىلىشىچە ھونلارنىڭ تەڭرىقۇت (تەڭرىقۇت — خۇدانىڭ ئوغلى دېگەن مەنىدە) باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىلى خەن پادىشاسى خەن گاۋزۇ (خەن سۇلالىسىنىڭ بۇيۇك بوۋىسى) لىيۇباڭنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ داتۇڭ شەھىرىگە يېقىن جايدىكى ئۇرۇشتا يېڭىپ ئۇلارنى يەتتە كېچە-كۈندۈز قورشىۋالغان. شەرقىنى كۆك ئاتلىق، غەربىنى بوز ئاتلىق، شىمالىنى قارا ئاتلىق، جەنۇبىنى جەدە (قىزىل) ئاتلىقلار قوشۇنى قورشىۋالغان.① شامان ئېتىقادى بويىچە كۆك، قىزىل، بوز، قارىدىن ئىبارەت تۆت خىل رەڭ شەرق، جەنۇب، غەرب ۋە شىمالدىن ئىبارەت تۆت تەرەپنىڭ ئالامىتى ئىدى. شۇڭا داستاندىكى توقالنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ «تاغ، دېڭىز» دەپ يەنە بىرسىنىڭ «كۆك» دەپ ئالدىنقى ئىككى ئىسىم بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئاتالمىغانلىقى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا داستاندىكى «كۆك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاسمان» سۆزى بىلەن تەڭ مەنىدە چۈشىنىشكە بولمايدۇ، ئوغۇزنىڭ توقال بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن پۈتكۈل ئەل جامائەتنى يىغىپ توي بەرگەنلىكى، «قىرىق شىرە، قىرىق ئورۇندۇق» ياساتقانلىقى بايان قىلىنغان. ئېپوسىنىڭ 2 - قىسمىدا يەنە ئوغۇزخاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغان ئورۇم خاقان ئۈستىگە ئەسكەر تارتىپ قىرىق كۈن يول يۈرۈپ مۇزتاغ ئېتىكىگە كېلىپ توختىغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا «قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا» قىلىپ زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ دەل شامان دىنىنىڭ تەسىرى بولۇپ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۇنىڭ تەسىرى ھازىرمۇ كۆرۈلىدۇ. «قىرىق» سۆزى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا دائىم قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە «قىرىق كېچە-كۈندۈز توي، قىرىق كېچە-كۈندۈز ئېلىشىش، قىرىق كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈش» دېگەندەك تۇراقلىق ئىبارىلەر دائىم چېلىقىدۇ. بۇ سۆزنىڭ بۇ خىل ئىزچىل قوللىنىلىشىنى ئېپتىدائىي جەمئىيەتتىكى شامان ئەقىدىسىنىڭ ئاسترونومىيە بىلىمىدىن كەلگەن دەپ قاراش مۇمكىن. ئېپوستا باش قەھرىمان ئوغۇزخاننىڭ كۆك نۇر ئىچىدىكى قىزدىن ئۈچ ئوغۇل، دەرەخ كاۋىكىدىكى توقالدىن ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن، «قۇتادغۇبىلىك» تە كۈن تۇغدى ئىلىكنىڭ قولىدا خەنجەر، بىر يېنىدا شىكەر، بىر يېنىدا زەھەر قويۇلغۇق ھالدا چېتىقسىز ئۈچ پۇتلۇق كۆمۈش كۇرسىدا سۇرلۇك قىياپەتتە ئولتۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. كۈن تۇغدى ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇقنى چۈشەندۇرۇپ «ئۈچ پۇتلۇق نەرسە قىڭغايماي تۈز تۇرىدۇ، ئۇلار چېتىقسىز بولغىنى ئۈچۈن بىرى قىڭغايسا قالغان ئىككىسى تىك تۇرالماي ئۈستىدىكى كىشى يىقىلىپ چۈشىدۇ» دەيدۇ. ئېپوستىكى «ئۈچ»

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى سان) 85 - يىللىق 3 - سان، 4 - بەتكە قاراڭ.

سۆزى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «ئۈچ» سۆزى ئوخشىمىغان ئورۇندا ئوخشىمىغان مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولسىمۇ سۆزنىڭ ئېتنىك مەنبەسى يەنىلا ئىپتىدائىي شامان دىنىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ پېشانىسىدىكى قىزىل مېڭى تۆمۈر قوزۇققا ئوخشىتىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئۇيغۇرلار دائىم قوللىنىدىغان «يەتتە» دىن ئىبارەت كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزنى ئەسلىتىدۇ. «يەتتە» دەل يۇلتۇزغا چوقۇنۇش چۈشەنچىسىدىن كەلگەن بولۇپ شامان ئەقىدىسى ھېسابلىنىدۇ. كېچىسى ئاسمانغا قارىساق يورۇقلۇق دەرىجىسى ۋە ئارىلىقىنىڭ كەڭ-تارلىقى ئاساسەن ئوخشاش بولغان ئۈچ يۇلتۇز كۆزگە چېلىقىدۇ. سەل تۆۋەن تەرەپتە بولسا نۇرى خىرە ئۈچ يۇلتۇز بار، بۇ يۇلتۇزلار كىشىلەرگە دائىم تىك كۆرۈنۈپ تۇرۇپ قاراڭغۇلاشقىچە يانتۇلىشىپ كېتىدۇ. ئېپوستىكى «تۆمۈر قوزۇق» سۆزى شىمال تەرەپتىكى يەتتە تىكەن يۇلتۇزدىن كەلگەن.

(2)

«ئوغۇزنامە» نىڭ 2-قىسمىدا ئاساسلىق ئوغۇزخاننىڭ ئۇرۇشقا ئاتلىنىش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. «ئوغۇزنامە» يېزىلىش ھالىتىدە تۇرغاندا تاشقى توقۇنۇشلار ئۇرۇشلار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان. بۇنداق ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە قەبىلە يوقىلىپ كەتسە كېتىدۇكى ھەرگىز قۇل بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئوغۇزنىڭ قوشۇن باشلاپ ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدا «قۇياش تۇغ بولسۇن» دېگەن سۆز ئوغۇزخاننىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن. بۇ ئوغۇز قوشۇنىنىڭ بايرىقىدا (تۇغلىرىدا) قۇياشنىڭ سۈرىتى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا «ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەن چەت ئەللىك خانلار ۋە ئەلچىلەر ئۇيغۇر خاقانلىرى بىلەن كۆرۈشتىن ئىلگىرى خاقان ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى تەتىللا چېدىر ئالدىغا تىكلەنگەن بۆرە بېشى بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كۆك شايى بايراققا چوقۇنۇشى، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىشى، تاش ئوچاقتا تۇتەپ تۇرغان ئىسرىقتىن ئاتلىشى زۆرۈر ئىدى».① بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىلاشقان دۆلەتلەر بېجىرىشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەر ئىدى. بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئىسرىق» سۆزى مۇنداق ئىزاھلانغان: «ئىسرىق بالىلارنى جىن-ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەفسۇن ئوقۇغاندا ئىشلىتىلىدىغان سۆز. ئىسرىقنىڭ ئىسسى بالىنىڭ يۈزىگە تەككۈزۈلۈپ «ئىسرىق، ئىسرىق، ھەي جىن كۆچ-كۆچ!» دېيىلىدۇ»② ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر كىچىك بالىلار تەسادىپىي كېسەلگە يولۇققاندا شامان ئەقىدىسى بويىچە «ئەرۋاھ» نىڭ روھىغا ئاتاپ كونا تونىكە ياكى

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى سان) 85-يىللىق 3-سان.

② «دىۋان» 1-توم 134-بەتكە قارالسۇن.

كۈنى داسقا چوغ ئېلىپ ئۇنىڭغا چارۋىلارنىڭ خام مېيى، سەندەل ياغاچ پارچىلىرى،
ئادراسمان، بۆرىنىڭ كىندىكىنىڭ قالدۇقى قاتارلىقلارنى تاشلاپ ئىسى ئۆرلەپ تۇرغان
قاچىنى كېسەل بالىنىڭ بېشىدىن «كۆزى يامانىنىڭ قارىقىدىن، ئاغزى يامانىنىڭ تا-
مىقىدىن، گېلى يامانىنىڭ گېلىدىن ئالدىم، ئىسرىق، ئىسرىق، كۆچ-كۆچ!» دەپ ئوڭ-
دىن سولغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ھەممىسى «ئىسرىق» دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ
بەزى ناھىيىلىرىدە ھازىرمۇ بۇ خىل «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.
ئېپوستا «ئۇرۇم» خاقان بىلەن بولغان ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن. دىۋاندا بۇ سۆز «ئاق»
دەپ ئىزاھلانغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئىسرىق» نامى بىلەن ئاتالغان، بۇ ئادەت،
قازاقلار ئارىسىدا «ئاق ئىلەش» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئوغۇزنامە» دىكى «ئۇرۇم» سۆزى
قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ ئۇ شەرقتىكى زېمىنلارنى كۆرسىتەتتى،①
كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئادەم ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. خەنزۇچە تارىخىي ما-
تېرىياللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى VIII ئەسىردە «ئاق دى»
(白狄) «قىزىل دى» (赤狄) دېگەن ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنگەن، ئۇلار ئاق ۋە قىزىل
چاپان كىيگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت
ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن بولغاچقا ئۇ ھەرقايسى
تارىخىي دەۋرلەرنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. شۇ ئاساستا تۇرمۇشقا چوڭقۇر
سىڭىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ «ئاق رەڭ» نى بەخت-سا-
ئادەت، خاسىيەت، گۈزەللىك، خۇشاللىق، تەلەي، سۆيۈنۈشنىڭ، شۇنداقلا ياخشىلىقنىڭ
بەلگىسى؛ «قارا رەڭ» نى پالاكەت، قايغۇ، ئۆلۈم-يېتىم، شۇنداقلا يامانلىقنىڭ بەل-
گىسى قىلغان. مەسىلەن: ياخشى ئادەمنى ئاق كۆڭۈل ئادەم دېسە، ئەسكى ئادەمنى
كۆڭلى قارا، قارا نىيەت، قارا يۈز قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىدۇ ۋە باشقىلار. ئېپوس-
تا سۆزلەنگەن ئىدىل دەرياسى بويىدىكى «قارا تاغ» دېگەن يەردىكى ئۇرۇش دەل
يۇقىرىقى مەزمۇننىڭ ماددىي ئىسپاتى بولسا كېرەك. بۇ ئۇرۇشتا ئوغۇزخان «ئۇرۇس
بەگ» نى يېڭىپ ئۇنى باش ئەگدۈرگەندىن كېيىن شەھەرنى ساقلاپ قالغان ئۇرۇس
بەگنىڭ ئوغلىغا «ساقلاپ» دەپ ئىسىم قويغان. بۇ ئەھۋال شامان ئەقىدىسى بويىچە
كىشىلەرگە ئىسىم قويۇشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك
نۇر ئىچىدىن بولغان ئۈچ ئوغۇلغا «كۈن، ئاي، يۇلتۇز»، دەرەخ كاۋىكىدىكى
قىزدىن بولغان ئۈچ ئوغۇلغا «كۆك، تاغ، دېڭىز» دەپ ئىسىم قويغانغا ئوخ-
شاش ئاشۇ ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدىن شەھەرنى ساقلاپ قالغان ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغ-
لىغا «ساقلاپ» دەپ ئىسىم قويغانلىقى تولىمۇ ئورۇنلۇق، بۇ يەردىكى «ئۇرۇس»
سۆزى ھازىرقى رۇسلارنىڭ ئاتا بوۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. «ساقلاپ» سۆزى ئەرەبچە
«Sakāliba» نىڭ كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ «ئىسلاۋىيانلار» دېگەن مە-

① «ئوغۇزنامە» نىڭ سۆزلۈك قىسمى 124 - ئىزاھقا قاراڭ.

نىنى ئاڭلىتىدۇ.① ئوغۇزخان ئىدىل دەرياسىدىن ئۆتۈشكە ئەقىل كۆرسەتكەن ئۇلۇغ ئوردۇ بەگكە «قىپچاق» دەپ ئىسىم قويىدۇ. «قىپچاق» تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر قەبىلىلەرنىڭ بىرى. قىپچاق سۆزى «قىسىلچاق» مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان سۆز بولۇپ «دەرەخ كاۋىكىدىن پەيدا بولغان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «تۈركلەر شەجەرىسى» دە مۇنداق مەلۇمات بار: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇزخان سىر دەرياسى بويىدىكى جەڭدىن قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىنىر ئاياق ئايالىنىڭ يوقلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ باتۇر بەگلىرىدىن بىرىنى ئۇنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇ بەگ سىر دەرياسى بويىدىكى ئورمانلىقتىن ئۇنى تاپىدۇ. دەرەخ كاۋىكى ئىچىدە بىر ئوغۇلنى ئۇچرىتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇزخان ھېلىقى ئوغۇلغا «قىپچاق» دەپ ئىسىم قويىدۇ. «دىۋان» دا بۇ توغرىلىق مەلۇمات يوق. ئەمما قىپچاق يۇرتىدا ياشايدىغان بۇلان ئىسىملىك ھايۋان توغرىلىق مەلۇمات بېرىلگەن، بۇ ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزى ئاسمانغا قاراپ تۇرغانلىقتىن قار-يامغۇر سۇلىرى ئۇنىڭ كاۋاك مۈڭگۈزى ئىچىگە يېغىلىپ قالىدىكەن. ئەركەك-چىشى بىر-بىرىنىڭ مۈڭگۈزىدىن سۇ ئىچىدىكەن». دېگەن مەلۇمات بار②. گەرچە بۇ ئىككى مەزمۇننىڭ بىرى تەبىئەت، بىرى ھايۋانات دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ھادىسىنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى دەۋردە ئوخشىمىغان شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ بىزنىڭ «قىپچاق» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىۋېلىشىمىزغا ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغاندىن كېيىن يېزىلغان ئىسلام تارىخنامىلىرىدا «قىپچاقلار» توغرىلىق مەلۇماتلار بار. قىپچاقلار ھازىرقى قازاق مىللىتىنىڭ ئاتا-بوۋىسى بولۇپ مۇسۇلمان ئەللىرىدە ۋە ئەسەرلىرىدە ھازىرقى قازاقىستاننىڭ دەشتى قىپچاق ياكى دالايى قىپچاق دەپ ئاتالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئوغۇزخاننىڭ «قىپچاق» دېگەن ئىسمىنى قويغان ئورنى بەلكىم ھازىرقى قازاقىستان دالىسى بولسا كېرەك.

ئېپوستا ئوغۇزخاننىڭ بىر چىپار ئايغىرغا مىنىپ يۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئويغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زاماندا ئاتنى ئۆز تۇرمۇشىدا ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئېپوستا ئايغىرغا مۇناسىۋەتلىك «مۇزتاغ» دېگەن بىر ئاتالغۇ بار. بۇ ھازىرقى كوئېنلۈن تېغىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن 7446 مېتىر ئېگىز بولغان چوققىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئېپوستا يەنە «قارلۇق» دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. داستاندا كۆرسىتىلگەن «قارلۇق» تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ **بىرى** بولۇپ خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە 葛逻禄 دەپ ئاتالغان. ئۇلار 744-يىلى كۆك تۈرك خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر بولغان قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان. ئېپوستا ھارۋا ياسىغان بەگنىڭ «قانغا» دەپ ئاتالغانلىقى سۆزلەنگەن.

① «ئوغۇزنامە» 76-بەت 200-ئىزاھ.

② «بۇلاق» مەجمۇئەسى 82-يىللىق 1-سانغا قاراڭ.

ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىم زاماندا ھارۋىنى ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭدىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغان. ئالتۇن تاغدىكى 6000 — 8000 يىللار بۇرۇنقى قىيا تاش سۈرەتلىرى ئىچىدە ھارۋا سۈرىتىنىڭ بارلىقى مەلۇم.① ئوغۇزنامىدە ھارۋىغا قانداق ھايۋان قوشۇلغانلىقى يېزىلمىغان. ئۇيغۇرلار قارا سۆك مەدەنىيىتىنى ياراتقان زامانىدىلا ھارۋىنى ئىجاد قىلغان②. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان موڭغۇل، سىبىر، ئالتاي، يايلاقلىرى دۇنيادىكى چوڭ يايلاقلار بولۇپ مۇساپە يىراق، توشۇلىدىغان يۈك كۆپ بولغاچقا ھارۋىغا ئاتتىن باشقا ئۇلاغ قوشسا ئۇزۇن يول ئازاۋىغا چىدىيالماسلىقى ئېنىق ئىدى. ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى ھىساك ئاسىموۋ «ئات - ئۇلاغنىڭ قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش مىلادىن 2000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن»③ دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ «ئوغۇزنامە» دىكى ھارۋىغا ئات قوشۇلغان دەيمىز. ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي رايونىدىكى بەزى تۈركىي دىئالېكتلىرىدا «ھارۋا»، «قانغا»، «قاڭقا» دېيىلىدۇ. ئېلىمىز تارىخنامىلىرىدا بولسا 康里 (كاڭ لى)، 高车 (گاۋچې) نامى بىلەن ئاتالغانلار مەشھۇر قاڭقىلىقلار بولۇپ بۇ خەنزۇچە مەنە تەرجىمىسىدۇر. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاننىڭ سىندۇ، تاڭغۇت، شاغاملارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى 唐元 دەل «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلەنگەن تاڭغۇتنى كۆرسەتسە كېرەك. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا: «بۇ نام چىنغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى»④ دەپ ئىزاھلىغان. تىلشۇناس پىللوت «بۇ نام كەڭ سۇ (گەنسۇ) نى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىسپاتلايدۇ. تۈرك تىلىدىكى بەزى ھۆججەتلەردە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇ نام ھازىرقى زاڭزۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ نامىنى كۆرسەتسە كېرەك. سىندۇ ھازىرقى ھىندىستان بولۇپ خەنزۇچە 身毒 دېگەن سۆز بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىن كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۈرك تىلىدىكى «سىندۇ» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى ئېنىق. «شاغام» سۆزى ھازىرقى سۈرىيە ئىدى. (پىللوتنىڭ كۆز قارىشى) دېمەك ئوغۇزخاننىڭ قوشۇنى كۈچ - قۇدرەتتە تەڭداشسىز بولۇپ ئەركەك كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھىندىستان، تۈبەت، سۈرىيە قاتارلىق يەرلەرنى ئىشغال قىلغان. بۇ جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن «بارقان» دېگەن جايدا ماسار خاقاننى يەڭگەن. «بارقان» سۆزى «باراق» دېگەن مەنىدە بولۇپ خەنزۇچە «八剌» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كې-

①② — «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئالتۇن تاغدىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى» 85 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ.

③ — ھىساك ئاسىموۋ «قاتناش ئىنقىلابى»، «بىلىم كۈچ» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە 83 - يىللىق 5 - سان.

④ — «دىۋان» 1 - توم 28 — 29 - بەتتە

رەك. «دىۋان» نىڭ 1-توم 378-بېتىدە «بارقان» دېگەن ئىسىم بار. ئوغۇزنامە
ئېپوسىنىڭ 290-قۇردىن 306-قۇرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەزمۇنى كەم بول-
سىمۇ ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرى تۈرك» ئەسىرىدىكى مەزمۇنلار بىلەن تو-
لۇقلاش مۇمكىن. «شۇندىن كېيىن ئوغۇزخان خىتاي ۋە نۇچىن (جۇرجىت) نى بوي-
سۇندۇردى. تاجىكلار (大食人) تاڭغۇتنى تىبەت (tübüt) دەپ ئاتايدۇ. شۇندىن كېيىن
قاراخىتاينى بويسۇندۇردى. خىتاي دۆلىتىدىكى ئادەملەرنىڭ يۈزلىرى ھىندىلارنىڭكىگە
ئوخشاش قارا كېلىدۇ». بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئېپوستىكى «بارقان» مەملىكىتىمىز تارىخى
دىكى لياۋ سۇلالىسىنى قۇرغان قىتان (قارا خىتاي) لارنى كۆرسەتسە كېرەك. «قارا
خىتاي» دېگەن نام ئېپوستا تەسۋىرلەنگەندەك بارقان ئېلىدىكى كىشىلەرنىڭ چىرايى
«قاپقارا» بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئېپوستا قارا خىتايلار-
نىڭ پادىشاھسى «ماسار خاقان» دەپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەھۋال مەسىلىنى چىگىشلەش-
تۈرۈۋىدۇ. «ماسار» سۆزىنى پېللوت مىسىرنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ پەقەت ماسار
سۆزىنىڭ تاۋۇش، تەلەپپۇزى جەھەتتە مىسىرنىڭ ئەرەب تىلىدىكى تەلەپپۇزىغا يېقىن
كېلىدىغانلىقىغا قاراپ شۇنداق ئاتىغان. ئۇنىڭ دەلىل ئىسپاتى ئېنىق بولمىغاچقا خاتا
يەكۈن چىقىرىپ قويغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە «ماسار» قىرغىزلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى
مەلۇم قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى قىرغىزلارنىڭ مەشھۇر داستانى
«ماناس» نىڭ باش قەھرىمانى ماناس «ماسار» سۆزىگە يېقىن كېلىدۇ. «دىۋان»دا
««س» ھەرپى پېئىللارغا قوشۇلۇپ ئارزۇ-ئىستەك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «ر» ھەرپى
پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسىنى ياساش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ»① دەپ ئىزاھلانغان. تىل
تەرەققىياتى جەريانىدا «س» تاۋۇشى تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى ۋە نۆۋەتلىشىشى نەتى-
جىسىدە «ماناس» دېگەن ئىسىم ھاسىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
تىلىدىكى پېئىللاردىن ئىسىم ياساش قائىدىسىگە يېقىن كېلىدۇ.

ئېپوستا 316-قۇردىن 376-قۇرغىچە بولغان ئارىلىق قىسقا، داستان ئومۇمىي
مەزمۇنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلىسىمۇ شامانىزم دىنىنىڭ تەسىرى ئېنىق يېزىلغان
بولۇپ مانا مەن دەپ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈشىدىن كېيىن ئوغۇزخان-
نىڭ ئۈچ ئوغلى تاڭ ئاتار تەرەپكە سەپەر قىلىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار دائىم كۆ-
چۈپ يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئاسمانغا كۆز سالسىلا كۆرگىلى بولىدىغان
«كۈن، ئاي، يۇلتۇز» نىڭ دائىم ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تەبىئىي
ھالدا ئۇلارغا چوقۇنۇش ئادىتى پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپتىدائىي ئىنسانلار-
نىڭ ئېڭىدا كۆپ-كۆك ئاسمان ئىلاھ تۇرىدىغان جاي دەپ قارالغان. قۇياشنى بولسا
ئەڭ ئۇلۇغ بىلىپ چوقۇنغان. چۈنكى قۇياش ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان
ۋە ئۇسسۇزلۇق، سوغۇق ئارقىلىق ئۇلارغا تەھدىت سالغان بولغاچقا ئۇلاردا كۈنگە چو-

①—«دىۋان» 1-توم، 26-بەت.

قوندۇش ئادىتى پەيدا بولغان. بۇ شامانىزمنىڭ ئاساسلىق ئېتىقادلىرىدىن بىرى. چوڭ ئوغۇللىرىنى ئاۋۋال كۈن چىقىشقا بۇيرۇغانلىقى كۈن تەڭرىگە چوقۇنۇشنىڭ ئىپادىسى. كىچىك ئۈچ ئوغلى تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە سەپەر قىلىدۇ. ئۇلۇغ تۈرك چۈشىدە كۆرگەن ئۈچ كۈمۈش ئوق شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شامان ئەقىدىسىدە قارا رەڭ شىمالنىڭ بەلگىسى بولغان. شىمال بىلەن قارا رەڭ بىرلىككە ئىگە بولۇپ شىمالىي قۇملۇقتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان «موبۇنچۇر مەڭگۈتېشى» نىڭ 11 - قۇرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئۈچ قارلۇق» دەل مۇشۇ ئۈچ كۈمۈش ئوقنى كۆرسەتسە كېرەك.

«ئوغۇزنامە» نىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزنىڭ ئەل جامائەتنى چاقىرىپ چوڭ قۇرۇلتاي ئاچقانلىقى ۋە بۇ مۇراسىمدا ئوڭ تەرەپكە قىرىق غۇلاچ سول تەرەپكە قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى ياغاچنى قاقتۇرغانلىقى، ئوڭ تەرەپتىكىنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاسقان، تېگىگە بىر ئاق قوينى باغلاتقۇزغانلىقى، سول تەرەپتىكى ياغاچقا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاسقۇزۇپ تېگىگە بىر قارا قوينى باغلاتقۇزغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. شامان دىنى ئېتىقادىدا تەبىئەتكە چوقۇنۇش بىلەن ياغاچ (دەل - دەرەخ) كە ۋە ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرى بولغان. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ ئەقىدە بويىچە قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە «دەل - دەرەخ ئۆستۈرۈش ساۋاپلىق ئىش» دەيدىغان بىر خىل ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئورمان بىنا قىلىپ باغۇ - بوستان بەرپا قىلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. هازىرمۇ ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم يېتىم بولسا دەرەخنىڭ تازا ئۆسكەن نوتا شېخىنى كېسىپ قازا تاپقان ئادەمنىڭ بېشىغا قاداپ قويۇش، مازارنىڭ خادىسىغا ئاق رەختنى تىككىلگەن ئۈچ بۇرجەك تۇمار ئۇزۇن ئاق تالا رەختلەرنى، ئىچىگە سامان تىقىلغان تۇلۇمنى ئېسىپ قويۇش ئادەتلىرى مەۋجۇت. بۇ شامان ئەقىدىسى بويىچە دەرەخكە چوقۇنۇش بولۇپ بۇ شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى تەسىرىنىڭ ناهايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. هازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېغىر كېسەلدىن ساقىيىپ ئەمدىلا ماغدۇرىغا كەلگەن كىشىلەرگە ئاتاپ قارا قوي سويۇپ ئۇنىڭ قېنىنى بوينىدىن سىرغىتىپ چۈشۈرىدىغان، تېرىسىنى ئىسسىق پېتى ئۈچىسىغا يېپىپ كېسەلنى ئۇچۇغدايدىغان ئادەت بار. بەزىدە پۇت - قولى سۇنۇپ كەتكەن ياكى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن پۇت - قولى ئىششىغاندا يېڭى سويۇلغان قوي، ئۆچكىنىڭ تېرىسىنى ئىششىغان يەرگە ياپىدۇ. شۇ ئارقىلىق كېسەل ئازابىنى يېڭىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ «تېرىگە ئېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە بوۋاق بالا يىغلاپ بىئاراملىق ھېس قىلغان ۋاقىتتا كەپتەر باچكىسىنى ئۆلتۈرۈپ بالىنىڭ دۈمبىسى، بوينىلىرىدىن قان ئېقىتىدۇ. بۇ «ئوگۈلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك هازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ خىل ئۆرپ - ئادەتكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئېپوستىكى قىرىق غۇلاچ ياغاچقا ئېسىلغان ۋە تۈۋىگە باغلانغان توخۇ، قوي قاتارلىق جانىۋارلار سويۇلغان دەپ ئېيتساق خاتا بولمايدۇ،

ئەلۋەتتە. ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دەريا-ئېقىنلار قۇرۇپ سۇ يېتىشمەسلىك، قۇرغاقچىلىق قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر بولسا جۈمە كۈنى قارا قوي ياكى قارا توخۇنى ئېرىق ئۆستەڭ ئىچىدە ۋاقىت دەل جۈمە بولغاندا سويۇپ تەڭرىدىن سۇ تەلەپ قىلىش ئادەتلىرى ساقلانماقتا. بۇ «قان قىلدى» ياكى «قان قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پاكىتلار شامان دىنى تەسىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. «ئوغۇزنامە» دە ئاق قوينىڭ سويۇلۇشى بەخت، تەنتەنە، غەلىبىنىڭ سىمۋولى؛ قارا قوينىڭ سويۇلۇشى غەم، قايغۇ، پالاكەت ۋە ۋەيرانچىلىقنىڭ تۈگىشىنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان. ئېپوسنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنىدىن قارىساقمۇ يوقىرىقى قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىنىدۇ.

(3)

«ئوغۇزنامە» XIII ئەسىردە خاتىرىگە ئېلىنغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدا بۇددا، مانى، خىرىستىيان، زارو ئاستىرا، ئىسلام دىنىغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات كۆرۈلمەيدۇ. بەلكىم بۇنى كۆچۈرگەن ئاپتور تېخىمۇ قەدىمىي بولغان نۇسخىنى مەنبە قىلىپ كەچۈرگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئېپوسنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىدىن باشقىلارغا كېيىنكى دەۋرىنىڭ پۈرىقى سىڭداپ كىرگۈزۈلگەن. شۇنداقلا كېيىنكى دەۋرىنىڭ تەسىرى سىڭمىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. شامان دىنى «ئوغۇزنامە» دە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، «ئوكيانۇس» (词海) ۋە «دىن لۇغىتى» (综教词典) دە شەرھلىنىشىچە بۇ دىن ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىن ئىكەنلىكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغانلىقى، بۇنىڭدا ئۇرۇقداشلىق، قەبىلىلەر ئىلاھىدىلىكلىرى روشەن ئىپادىلەنگەنلىكى قەيت قىلىنغان. شامان دىنى ئەرەب، ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن، بۇ دىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، دۇنيا قاراش، ئەخلاق، ئەدەبىيات-سەنئەت، كۈندىلىك تۇرمۇش، ئۆرۈپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. «ئوغۇزنامە» تەسىرلىك تىل بىلەن يېزىلغان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپوس بولۇپ ئوغۇزخاننىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مىللىي كۈرەشلىرى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇرلار بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل مىللەت بولغان دەۋردە بارلىققا كەلگەن دەپ ئېيتساق مەلۇم مەنىدىن توغرا، لېكىن ئېپوس ھەقىقىي تارىخ ئەمەس. بەدىئىيلەشكەن تارىخ. شۇڭا بۇ مەسىلىگە تەنقىدىي قاراشقا توغرا كېلىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسى شەخسلەر كوللېكتىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋردە يەنى ياۋايىلىق باسقۇچىدىن سىۋىلىزاتسىيە دەۋرىگە قەدەم قويغان ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن. ئۇ «ئىلىيادا» «ئودىسسا» داستانلىرىغا ئوخشاش ئىنسانىيەت بالىلىق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن

بولغاچقا ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي تۇتېم ئېتىقادى، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش. تەبىئەتكە چوقۇنۇش قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ئەكس ئەتكەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر مەدەنىي مىراسلىرىدىن بىرى بولغان، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان غايەت چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا-ناخشا سىستېمىسى «ئون ئىككى مۇقام» نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ قۇرۇلما پرىنسىپلىرى ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي دىنلارغا ئىشەنگەن زامانلارغا مەنسۇپ بولۇپ چىقماقتا①. ئېپوستا تەسۋىرلەنگەن توي مۇراسىملىرىدا ئەلۋەتتە ناخشا-ئۇسسۇلنىڭ بولغانلىقى ئېنىق. ئەمما مۇقام ئېيتىلغانمۇ، بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئېپوس ھەيۋەتلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ مۇقەددەس مىللىي روھقا ئىگە. باش قەھرىمان ئوغۇزخاننىڭ پائالىيەتلىرى كىشىدە ۋەتىنىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ. «ئوغۇزنامە» دە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىككى مۇھىم نۇقتا بار. بىرى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن شامان دىنىغا ئائىت مەلۇماتلار. يەنە بىرى بولسا ئوغۇزخان ئۆزى ئىستىلا قىلغان رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ قۇل قىلىنماسلىقى «قەبىلە ئىتتىپاقى ئەقەللىسى ئايرىم سورۇنلاردا تۇغقان قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ، بۇنداق ئاددىي تەشكىلات ئۆزىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي شارائىتقا تامامەن ماس كېلىدۇ. بۇ ئاشۇ ئىجتىمائىي شارائىتقا خاس بولغان تەبىئىي يوسۇندا يېتىلگەن قۇرۇلمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاشۇنداق تەشكىللەنگەن جەمئىيەتتە روي بېرىش مۇمكىن بولغان بارلىق توقۇنۇشلارنى بىر ياقلىق قىلالايدۇ. تاشقى توقۇنۇشلار ئۇرۇش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇنداق ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە قەبىلە يوق بولۇپ كەتسە كېتىدۇكى ھەرگىز قۇل بولمايدۇ. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئۇلۇغلىقى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ چەكلىمىلىكى شۇنىڭدىكى بۇ تۈزۈمدە ھۆكۈمرانلىق ۋە زۇلۇم ئۈچۈن ئورۇن يوق ئىدى.»②. يىغىنچاقلىغاندا ئوغۇزنامە ئىچىدىن تاللاپ چىقىلغان يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقادىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك رولى بار. ئېلىمىزنىڭ كەڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي دىنى بولغان شامان دىنىنىڭ ئادەتلىرى بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان. شەرقىي شىمالدىكى ئېۋېنكى، خېجې، ئېلىنچۇن، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدىمۇ شامان دىنىنىڭ تەسىرلىرى بار. زامان ۋە دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ دىنمۇ ماس ھالدا ئۆزگىرىپ باردى. ئىلىم-پەننىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئومۇملىشىشى، خەلق سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن بۇ دىننىڭ ئۇيغۇرلاردىكى بەزى ساقىندىلىرىنىڭ يوقىلىپ بېرىشى مۇقەررەر.

① — «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 86 - يىلى نەشرى، 1 - بەت.

② — «ئاتالار ھەققىدە» 1979 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 255 - بەتكە قاراڭ.

# مۇئەللىمى سانى①

ئا . ئىرسوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئەبۇ نەسىر فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققان ئۇلۇغ پەن ئەربابلىرىدىن سانىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر پەن ۋە مەدەنىيىتىگە زور ھەسسە قوشقان بۇ ئالىم بىلىم - مەرىپەتنىڭ كۆپ ساھەلىرىنى ئىگىلىگەن ۋە ئۆزىدىن كېيىن سالماقلىق مىراس قالدۇرغان، فارابى ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە، تىبابەت ۋە مۇزىكا، مەنتىق ۋە پەلسەپە، تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىدە قەلەم تەۋرەتكەن، بۇ ساھەلەرنىڭ ھەرقايسىسىدە ئاجايىپ ئەسەر ياراتقان.

فارابى پەلسەپە تارىخىدا يىرىك مەنتىقشۇناس، پەيلاسوپ سۈپىتىدە مەشھۇر. ئۇنىڭ تەرجىمە ھالى ھەققىدە تىبابەتچىلىك تارىخىغا ئائىت كىتاب يازغان ئەرەب ئالىمى ئىبنى ئەبى ئۇسەيبىئە (1203 — 1270 - يىللار) مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەبۇ نەسىر فارابى بىرقانچە ۋاقىت باغداتتا، كېيىن شام (سۈرىيە) گە كۆچۈپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ بەردە ياشىدى. رەھمەتى ئالىم يېتىشكەن پەيلاسوپ ۋە فازىل دانىشمەنلەردىن ئىدى. ھېكمەت - پەلسەپىگە ئائىت پەنلەرنى مۇكەممەل بىلەتتى. ماتېماتىكا (رىيازىيات)، ئاسترونومىيە پەنلىرىدە ماھىر، ساپ ۋە يىرىك ئەللەمەلەردىن ئىدى. مال - دۇنيا، بايلىق بىلەن كارى يوق ئىدى. «ئۆلمەسلىك تامىقى» غا چىداپ ياشايدىغان، قانائەتچانلىقتا باي كىشى ئىدى. ئۇنىڭ پەئىل - ئەتۋارى خۇددى قەدىمكى پەيلاسوپ — ھېكىملەرگە ئوخشايتتى.

ئەبۇ نەسىر فارابى تىب ئىلمىدىمۇ ئالاھىدە خەۋاردار ئىدى ۋە بۇ ئىلىمىنىڭ نەزەرىيىسىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئەمما، ئەمەلىي تەجرىبە جەھەتتە ئانچە تېرەن ئەمەس ئىدى»

ئىبنى ئەبى ئۇسەيبىئەنىڭ ئاتىسى كۆز كېسەللىكى تېبىبى بولۇپ، ئۇمۇ ئاستىدىن شۇ كەسىپنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئەسەر يېزىشقا رىغبەتلەنگەن. نەتىجىدە تۆت يۈز تېبىبنىڭ تەرجىمە ھالىنى توپلاپ ئەسەر يازغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شام (سۈرىيە) تېبىبى سۈپىتىدە ئەبۇ نەسىر فارابىنىمۇ ئەسلەپ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرىگىچە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلاردىن خەۋەر بېرىدۇ.

ھەققەتەن فارابىنىڭ تىبابەتچىلىككە ئائىت «گالېن قاراشلىرىغا قارشى يېزىل-

① ئىككىنچى مۇئەللىم

غان رەددىيە كىتابى»، «تىرىك مەۋجۇدات ئەزالىرى ھەققىدە»، «قۇۋۋەت ھەققىدىكى كىتابقا چۈشەنچە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغان.

ئۆزبېكىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بىرونى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى كىتابلار فوندىدا ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ تىبابەتچىلىككە ئائىت ئۈچ پارچە ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسى (ناملىرى بىر ئاز باشقىچىراق تەرزىدە) ساقلانماقتا. بۇلار ئىنستىتۇت فوندىدىكى نادىر قولىيازما ھېسابلانغان 2385 رەقەملىك «رىسائىل ئەل-ھۆكۇما» (ھەكىملەر رىسالىلىرى) ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

فارابى دەسلەپ قەدىمكى پەلسەپە ئىلمى بىلەن تونۇشقانىكەن، ئەۋۋەل ئارىستوتىل ئەسەرلىرىنى كۆپرەك موتالىئە قىلغان ۋە بۇ ساھەنى ئىنتايىن مۇكەممەل ئىگىلەپ ئالغان.

ھەقىقەتەنمۇ قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىل جاھاننىڭ ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيىتى تارىخىدا سالماقلىق ئورۇن ئالغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە ئۆگىنىلگەنىدى. لېكىن ئارىستوتىلدىن كېيىن پەلسەپە ئوپۇقىدا خۇسۇسەن شەرقتە فارابىچىلىك ئۇلۇغ زات مەيدانغا چىقمىغان. فارابى ئۆز بىلىمى، مەرىپىتى، پىكىر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن شەرقتە شۇ دەرىجىدە شۆھرەتكە ئېرىشتىكى، ئاقىۋەت ئۇنى ئارىستوتىلدىن كېيىنكى يىرىك مۇتەپەككۇر — «مۇئەللىمى سانى» (ئىككىنچى مۇئەللىم) دەپ ئاتاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئىككىنچى مۇئەللىم» ئۇنۋانى فارابىنىڭ نامىغا سۈپەت تەرىقىسىدە قوشۇپ يېزىلىشقا باشلىدى.

فارابى يىرىك مەرىپەتپەرۋەر ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى ئىلىم ئىزلىدى. بىلىم ئۆگەندى. فارابىنىڭ ئۆز ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا، بوشاپ قالغان دىيارلار ئادەملەر سۆزلىرىدىن مېۋىلەر تېرىپ يۈردى». ئۇنىڭ پىكىر دائىرىسىگە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن (873 - يىلى تۇغۇلغان) يۇرتى — فاراب شەھىرىدىكى بىلىم يېتەرلىك بولمىدى. شۇ دەۋرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرى ئۇنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرالمىدى. بىلىم-مەرىپەت ئىزلەپ ئىراق ئۆلكىسىگە سەپەر قىلدى. شۇ دەۋردىكى تۆت ئەتراپتىكى ئالىملارنى، بىلىم-مەرىپەت ئىگىسى بولغان دانىشمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ھەشەمەتلىك باغدادتا فارابى يول تاپتى. بۇ يەردە ئۇ، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى، مەنتىق ۋە پەلسەپىنى ئۆگەندى. لېكىن فارابى بىلىم ئىزدەشتە ھارماي-تالمايدىغان كىشىلەردىن ئىدى. شۇ چاغلاردا شامنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان خەرران دېگەن شەھەردە يۇھەننا ئىبنى ھەيلان ئىسىملىك مەنتىق ئىلمىگە كامىل خىرىستىيان ئالىمى باردەپ ئاڭلىغانىدى. بۇ ئالىم ئارىستوتىلدىن قالغان پەلسەۋى سىستېمىسىنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يىرىك ئالىملىرىدىن ئۆگەنگەنىكەن. فارابى ئەشۇ دەۋردىكى «مۇسۇلمان پەرزەنتى پەقەت مۇسۇلماندىن تەلىم ئېلىشى

كېرەك» دېگەن ئەقىدىنى تەرك ئېتىپ «غەيرىي دىنلىق» لاردىنمۇ ئىلىم ئۆگىنىشتىن تارتىنمىدى. كېيىن ئۇ، شام ۋە مىسىر ئۆلكىلىرىگە يۈزلەندى. بۇ يەردە ئۇ پەيلاسوپ سۈپىتىدە ئىنتايىن يۇقىرى ئابروي قازاندى. مۇدەررىسلىك قىلىپ شاگىرتلار يېتىشتۈردى. تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە فارابى ھەر دائىم ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ ئارىسىدا بولىدىكەن ۋە يىغىلىش - سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئالدىغا ئارقا - ئارقىدىن ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ كېلىپ تۇرىدىكەن. تارىخچىلارنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، دەمەشقنىڭ ئۆزىدىلا فارابىدىن تەلىم ئالغۇچىلارنىڭ سانى ئون مىڭغا يەتكەن.

فارابى مەنتىق ساھەسىدىمۇ خېلى تەر تۆككەن. ئەرەب ئالىمى ئىبنى ئەل - كىفتى (1172 — 1248 - يىللار) نىڭ سۆزىگە قارىغاندا، فارابى «مەنتىققا ئائىت كىتابلارنى تەتقىق ۋە شەرھلەشتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىگەن، مەنتىقنىڭ قىيىن جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆپچىلىككە نامەلۇم سىرلىرىنى ئاچقان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئاسانلاشتۇرغان».

شۇ دەۋرىگە كەلگىچە مەنتىقنى ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى خېلى مۇرەككەپ بولغانىكەن. بۇ جەھەتتە فارابى مۇتالىئەچىلەرگە مەنتىق ئىلمىنى ئۆگىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇشقا بەل باغلاپ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەرەب ئالىمى ئىبنى — ئەل - كىفتى بۇ توغرىدا يەنە شۇنداق دەپ يازىدۇ: «فارابى ئۆز ئەسەرلىرىدە مەنتىقتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن چۈشىنەرلىك ئىبارىلەر نازۇك ئىشارىلەرنى قوللاندى، ھەتتا مەنتىقتە شەرھلەش، ئۆگىنىش ۋە تەھلىل قىلىشتىكى ئەل - كىندى ۋە باشقا ئالىملار يول قويغان بىپەرۋالىقلارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن فارابىنىڭ كىتابى بۇ پەن ساھەسىدە ئىنتايىن يېتىشكەن ۋە نىھايەت يىگانە سانىلىدىغان بولدى).

فارابى شۇغۇللانغان ھەربىر ساھە، ئۇ يازغان ھەربىر ئەسەر ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئالىملارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

«ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ «ئېھسا ئەل - ئۇلۇم ۋە ئەت - تەئرىپ» (ئىلىملەر سانىغى ۋە ئۇلارنىڭ تەرىپلىرى») ناملىق قۇتلۇق كىتابى بار، — دەيدۇ ئىبنى ئەل - كىفتى - بۇنداق ئەسەرنى يېزىشتا شۇ كەمگىچە ئەبۇ نەسىر فارابىدىن ھېچكىم ئۆزۈپ كىتەلمىگەن. ھەتتا بۇ خىل پىكىر - مۇلاھىزىلەرنى ئۇنىڭغىچە ھېچكىم ئېيتالمىغان، شۇنداقلا ئۇ كىشى يېتىشكەن دەرىجىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن (تالىبى ئىلىملار) ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ تۇتقان توغرا يولىدىن پايدىلانماي قالمىغان».

فارابى شۇ دەۋردە پەلسەپە پەنى، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىل غايىلىرى، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن پەلسەپىۋى مىراسلارنى ئۆگەنگەن. بۇ ھەقتىمۇ ئىبنى ئەل - كىفتى مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئالىم XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەلۇمات ۋە مۇلاھىزىلىرى دىققەتكە سازاۋەر شۇڭا گەپنى يەنە ئەل - كىفتىگە بېرىمىز. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ:

«ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىل پەلسەپىسىگە بېغىشلانغان كىتابى ئۇنىڭ پەلسەپە ساھەسىدە يېشقەدەم بولغانلىقىدىن دەلالەت بېرىدۇ. بۇ كىتاب ئىلىي ھېكمەتنىڭ نەزەرىيى يوللىرىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى چوڭ دەستۇرولئەمەل بولدى ۋە ئۇ ئارقىلىق مۇئەللىپ ھەممە ئىلىم ساھەلىرى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ئىگىلەش يوللىرىنى بىلدۈردى؛ ئالىملارنىڭ قانداق قىلىپ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىك دەرىجىسىگە ئۆسۈپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى. كېيىن شۇ ۋاستە بىلەن ئەپلاتون پەلسەپىسىدىكى غايىلارنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى. بۇ يەردە ئۇ ئۇنىڭ تەرىپلىرىنى بىرمۇبىر ساناپ ئۆتتى. كېيىن شۇ يوسۇندا ئارىستوتىل پەلسەپىسىنى ئىزاھلاشنى داۋام ئەتتۈردى. ئۇنىڭغا خېلى چوڭ مۇقەددىمە يازدى ۋە تەدرىجى رەۋىشتە ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارىستوتىلنىڭ مەنتىق ۋە تەبىئەتكە ئائىت ئەسەرلىرىدىكى غايىلارنىڭ ھەربىرى ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم كىتاب يېزىپ، ئۇلارنى تەۋسىپلەپ چۈشەندۈرۈپ بەردى...

مەن پەلسەپە ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پايدىلىقىراق بىرەر كىتاب بارلىقىنى بىلمەيمەن. بۇ ئەسەر ھەممە ئىلىملەرگە مۇشتەرەك بولغان ۋە بۇنىڭ ئارقىلىق مەلۇم بولغان ئىلىملەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇرۇن مەنتىقنىڭ ماقۇلات كاتېگورىيە مەنالىرى ئۇلارنى نىمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان دەرىجىدە ئىدى؛ قانداق قىلىپ ئۇمەنالار ھەممە ئىلىملەرگە دەسلەپكى ئاساس بولۇشى مۇمكىنلىكىنى خۇددى مانا شۇ فارابى ئەسەرلىرىدىلا ئىنىقلىۋالىدىغان بولدى».

فارابى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىمۇ ئالىملار نەزەرىدە مانا شۇنداق مۆتىۋەر زات، ئۇلارغا بۈيۈك ئۇستاز ئىدى. ئۇ يالغۇز پەلسەپە ۋە مەنتىقتىلا شۇنداق شۆھرەت قازىنىپ قالماستىن بەلكى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ 160 تىن ئارتۇق ئەسەرلىرىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىلا بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن، خالاس. ھازىر فارابى ھەققىدە ئېيتىلىۋاتقان گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مانا شۇ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن سەل كەم 40 پارچە ئەسىرى ئاساسىدا بولۇۋاتقان مۇلاھىزىلەردۇر. لېكىن، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، فارابى كۆپچىلىك ئالىملارغا نىسبەتەن ئەڭ كەمبەغەللىك ھاياتىنى كەچۈرگەن دەپ سانىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ، خېلى يىرىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

تارىخچىلارنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە: فارابى دەمەشىقنىڭ بىر بېغىدا قاراۋۇللۇق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىكەن ۋە كەمبەغەللىكتىن ئەشۇ قاراۋۇللۇق ئۈچۈن بېرىلگەن چىراقنىڭ يېغىنى يېقىپ كىتابنى مۇتالىئە قىلىدىكەن، يا بولمىسا كىتاب يېزىش بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن.

فارابىنىڭ تېخىمۇ ئاجايىپ ئىشلىرىدىن بىرى مۇزىكا ساھەسىدە يازغان ئەسەر-

لىرىدۇر، مەلۇم بولۇشىچە، فارابىي ياشلىقىدىن تارتىپ مۇزىكىغا بېرىلگەن بولۇپ، شۇ چاغلاردىلا ئۇتتۇراسىيادا مەۋجۇت بولغان مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى چېلىشنى ناھايىتى باخشى بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇزىكا نەزەرىيىسىنىمۇ مۇكەممەل ئىگىلىگەن. ئەبۇ-نەسىر فارابىنىڭ ئەسەرلىرى تىزىمىدا ئۇنىڭ بۇ ساھەگە ئائىت بىر قانچە ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. گەرچە فارابى «مۇزىكا كىتابىي»، «رىتىملەر ھەققىدە كىتاب»، «زور مۇزىكىلار كىتابى»، «رىتىملار كىلاسسىفىكاتسىيىسى ھەققىدە كىتاب»، «مۇزىكا ھەققىدە سۆز»، «رىتىمگە قوشۇمچە قىلىنغان سۆز» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

تارىخچى ئىبنى ئەبۇ ئۇسەيبىئەنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، «فارابىي ئاجايىپ بىر مۇزىكا ئەسۋابىنى ياسىغان. ئۇنىڭدىن ئىنتايىن گۈزەل ۋە يېقىملىق كۈيلەرنى ئاڭلاش مۇمكىن ئىكەن. ھەتتا بۇ كۈيلەر ئاڭلىغۇچىلارنى ئاجايىپ زوقلاندۇرۇۋېتىدىكەن»

فارابىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدە بىلىمدان كىشى ئىكەنلىكىنى شۇ دەۋردە توقۇلغان بىر ھېكايىدىن بىلىش مۇمكىن. ھېكايىدا فارابى شام ئەمىرى سارىيىغا كىرىپ، مۇزىكا چېلىپ، ئۇ يەردىكىلەرنى ئۇخلۇتۇپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن. بۇ نەقىلمۇ فارابىنىڭ مۇزىكىدا دانىشمەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ماھىر مۇزىكا چالغۇچى ئۇستىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە شۇ دەۋردە تارقالغان ھېكايىلاردىن بىرى.

فارابىنىڭ ئىنتايىن چوڭ خىزمەتلىرىدىن يەنە بىرى ئۇنىڭ خىيالىي جەمئىيەت ھەققىدىكى پىكىرلىرى ۋە بۇ توغرىدا ئەسەرلەر يازغانلىقىدىن ئىبارەت.

فارابى بۇ ھەقتە بىر نەچچە ئەسەرلەر يازغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەققىدە رىسالە»، «سىياسەت ئەل — مەدەنىيە» («شەھەرلەر ئۈستىدە سىياسەت يۈرگۈزۈش») ۋە باشقا ئەسەرلىرىمۇ بولغان. بۇ يەردە فارابىي ئالىيجاناب جەمئىيەت، ئادالەتلىك تۈزۈم، ئادىل ھۆكۈمرانلار ھەققىدە ئۆز پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. مانا شۇ ئەسەرنىڭ ئىككى نۇسخىسى ھازىر تاشكەنتتە ئۆزبېكىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بېرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى كىتابلار فوندىدا ساقلانماقتا.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ ئىنستىتۇت فوندىدا فارابىنىڭ خېلى كۆپ قول يازما ئەسەرلىرى ساقلىنىدۇ. فارابىنىڭ ئىنستىتۇت دەرگاھىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما كىتابلىرى 18 پارچە، بۇلار ئارىسىدا «بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ھەققىدە»، «پەلسەپە سوئاللار ۋە ئۇلارغا جاۋابلار»، «مەسىلەر بۇلىقى، «جىسىم ۋە قۇرۇلمىنىڭ باشلىنىشى»، «ئەقىل مەنالىرى ھەققىدە رىسالە»، «يەھيائەن — نەھۋىنىڭ ئارىستوتىلغا بىلدۈرگەن رەددىيىسىگە قارشى يېزىلغان رەددىيە»، «ئارىستوتىلنىڭ «مېتافىزىكا» ئەسىرىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە» دېگەن ئەسەرلىرى بار. بۇلار فارابىنىڭ 160 دىن ئۇشۇقراق ئەسەرلىرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرىدىن بىر قىسمى، ئەلۋەتتە.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابلىمىت روزى

# تۇران ئاتالغۇسى ھەققىدە

غەيرەتجان ئوسمان

ئۇيغۇر - تۈركىي ھۆججەتلەردە «تۇران» دېگەن بىر ئاتالغۇ بار. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە تاجىك - پارس ۋە ئەرەبچە ھۆججەتلەر، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ - جۇغراپىيىسىدە دائىم كۆزگە چېلىقىدۇ.

پرولېتارىيات داھىيلىرىدىن ف. ئېنگېلس①، ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئالىم مورگانمۇ② بۇ ئاتالغۇنى تىلغا ئالغان.

تۇران ئاتالغۇسى تارىختىن بىرى ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى. ف. ئېنگېلس «تۇران» سۆزىنى جۇغراپىيىلىك نام سۈپىتىدە، «تۇرانلىقلار» سۆزىنى خەلقلەر نامى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. «بۈيۈك لۇغەت ۋە ئېنسىكلوپېدىيە» دە: «تۇران - تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى يۇرتلىرىغا قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ بەرگەن نامى»③ دېيىلگەن بولسا، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، بۇ ئەسەرنى، مۇشۇنداق نام بىلەن «تۇرانلىقلار» نىڭ ئاتايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن④. ئەندى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارمۇ «تۇران - ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر يۇرتلىرىنىڭ قەدىمكى نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياكى تۈركىي خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ»⑤ دەپ ئىزاھات بېرىشكەن.

بۇ ئاتالغۇ ھەققىدە توختالغاندا، قەدىمكى پارس - ئىران ھۆججەتلىرىگىمۇ مۇراجەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (940؟ - 1025) نىڭ «شاھنامە» ئېپوسى ۋاستىلىق رول ئوينايدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇنقى X ئەسىردىن VII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىران - زوروئاستىر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» (Avesta) نىڭ «زامىياد. ياشىت» (Zamyad Yasht) بابىدا ئىران ئەپسانىلىرىدىكى 2 - سۇلالە كىيانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كەيخىسراۋ بىلەن ئافراسىياپ (Afrasyaff) نىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلغانلىق ئەھۋالى بايان قىلىنغان. «‹ئاۋېستا› دىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە ئۆزئارا ئالاقىدار بولۇپ، (ئۇنىڭغا) ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن»⑥ «شاھنامە» دە بولسا دەل ئافراسىياپنى تۇران ئېلىدىكى تۇرانلىقلارنىڭ ھۆكۈمدارى سۈپىتىدە تەسۋىرلە-

گەن. «ئاۋېستا» دا «تۇرا» دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، كۆپلىگەن ئالىملار ئۇنى تۈركلەرنىڭ ئەجدادى دەپ ئېتىراپ قىلىشقان.⑦ موسكۋادا نەشىر قىلىنغان «قەدىمكى تۈركىي تىللار لۇغىتى»دە بولسا ئافراسىياپنى «رىۋايەتلەردىكى تۇرانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانى قاراخانىلارنىڭ بوۋىسى» دەپ ئىزاھلىغان. مەھمۇد قەشقەرى ئافراسىياپ ھەققىدە توختالغاندا ئۇنى ھاۋاسى ياخشى بولغان قەشقەر (ئوردا كەنت) دە تۇرىدىغانلىقىنى، تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خاقانى ئىكەنلىكىنى، پارس (تاجىك) لار ئۇنى ئافراسىياپ دېسە، تۈركلەر ئالىپ ئەرتوڭا دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئالاھىدە سۆزلەپ ئۆتكەن.⑧ بۇ توغرىلىق «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ مەلۇمات بار.⑨

دېمەك، يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن «تۇران» ئاتالغۇسىنىڭ تارىختىن بېرى ھەم جۇغراپىيىلىك ھەم ئېتنولوگىيىلىك نام سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

دۇنيا خەرىتىسىنى ئېچىپ قارايدىغان بولساق، تەڭرى تاغلىرى، كاسپىي دېڭىزى، كوپېت (kopt) تاغلىرى ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان كەڭ تېررىتورىيىنىڭ تۇران تۈزلەڭلىكى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ توپونىمىيە مۇتەخەسسىسى موزايېۋمۇ ئومۇمەن «كوپېت تاغلىرىدىن تەڭرى تاغلىرىغىچە، كاسپىي دېڭىزىدىن قارا قۇم ۋە قىزىل قۇم چۆللۈكلىرىگىچە بولغان دائىرە تۇران ئويمانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ»⑩ دەپ ھېسابلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆز قارىشىنى تولۇقلاپ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي قەبىلىلەر بۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرەتتى. ئەمما، كېيىنچە، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ جەنۇبقا ۋە غەربكە يۆتكىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا كاسپىي دېڭىزىدىن لوپنۇرغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئىگەللىگەندىن كېيىن ‹تۇران› دېگەن بۇ نام باشقىچە مەزمۇنغا ئىگە بولدى، ئۇنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ كەڭ بولدى، شۇڭا زۆرۈر تولۇقلاشلارنى قوشۇپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.»⑪ ئومۇمەن، تۇران ئاتالغۇسى جۇغراپىيىلىك مەنە جەھەتتە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەۋملەر ياشىغان يەرلەرنىڭ ئىپادە قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قاراشلار.

تۇران ئاتالغۇسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋە ئېتنولوگىيىلىك نام سۈپىتىدە قوللىنىلىپ قىلىنىشىدا بىرقانچە خىل رىۋايەتلەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە تىپىكرەك بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

(1) ئەرەب تارىخچىسى جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى تابارى (838 - 923) «تارىخۇل ئۇمەم ۋەل مۇلۇك» دېگەن كىتابىنىڭ تەھمۇرەس (تۇمارس؟) ۋە جەمشىت توغرىسىدىكى بابلىرىدا بايان قىلىشىچە، جەمشىت قېچىپ زابىلىستانغا بارغاندا زابىلىستان شاھىنىڭ قىزىنى ئالغانىكەن. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇلغا ‹تۇر› دەپ ئىسىم قويۇپتۇ... تۇردىن بولغان ئوغۇل دىستان، دىستاندىن بولغان ئوغۇل فەرامۇز دەپ ئاتىلىپتۇ... جەمشىت ئۇرۇقىدىن فەرىدۇن بولۇپ ئۇنىڭ بوۋىسى نوھ ئەلەيھىسسالامنى

ئىمانغا كەلتۈرگەنىكەن. (ئەسلى تۇپان بالاسىدىن كېيىن نۇھنىڭ ئۈچ ئوغلى قالغان بولۇپ، سامنىڭ ئەۋلادى ئەرەب، ئەجەم؛ هامنىڭ ئەۋلادى ھەبەش، زەنگىبار ۋە ھىندىلار؛ يافەسنىڭ ئەۋلادى تۈرك، ساقلاپ ۋە يەجۇج-مەجۇجلەردۇر). فەرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلى بولغان، چوڭى تۇر، ئوتتۇرانچىسى سەلم، كەنجىسى ئەيرەج... فەرىدۇن جاھاننى پەرزەنتلىرىگە تەقسىم قىلغاندا تۈرك، خەزەرەج ۋە ماچىن ھەم مەشرىق زېمىنىنى تۇرغا بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا فەغفۇر (Fəƣfur) دەپ ئات قويىدۇ. دېمەك بۇ رىۋايەت بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرققە تارقالغان قەۋملەر «تۇر» نىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىپ كەلگەن.⑫

(2) شەرەفىددىن ئەلى يەزدى تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلغان: «ئافراسىياپ، رۇستەم بىننى زال، كەيكاۋۇسلار جەمشىدنىڭ ئەۋلادىدىندۇر».

ئافراسىياپ پەشەڭنىڭ ئوغلى بولۇپ، تۈركلەرگە شاھ ئىدى. تۈركىستان، ماۋرائۇننەھر ۋە جەمئىي شەرق ئەللىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمىدە ئىدى، ئۇنىڭ ھېسابسىز قوشۇنى بار ئىدى، ئۇ قوشۇن تارتىپ مەنۇچەھرنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇ زېمىننى يەتتە يىل مۇھاسىرە قىلدى. ئاخىرى ئافراسىياپ بىلەن مەنۇچەھر ياراشتى. ئۇنىڭ ئەرش (كۆك-ئاسمان) ئىسىملىك بىر باتۇرى بار ئىدى. ئەرش زىماۋەند تېغى ئۈستىگە چىقىپ بىر ئوق ئاتتى. ئوق بىر كەركىسنىڭ (بىر خىل قۇش) قانىتىغا تەگدى. كەركىس زىماۋەند ۋە تەبەرىستاندىن ئۆتۈپ جەيھۇن بويىغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەشۇ زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنى ئافراسىياپ ئىگەللىدى.⑬

يەزدىنىڭ دېگەنلىرىدە «تۇر» دېگەن نام تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما، مەزكۇر رىۋايەتنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرى ئارقىلىق، تولۇقلاپ كېتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رىۋايەتتە ئەرشنىڭ ئافراسىياپ ياكى مەنۇچەھرنىڭ قايسىسىنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكى، ئافراسىياپنىڭ قايسى زېمىنلارنى ئىگىلىگەنلىكى غۇۋا. بىز بۇنى تۆۋەندىكى كۆز قاراشتا تولۇقلايمىز.

(3) ئەرش قەدىمكى ئىران خەلق رىۋايەتلىرىدىكى بىر قەھرىمان بولۇپ، ئۇستا مەرگەنلىكتە داڭ چىقارغان. ئۇنىڭ نامى ئەڭ بۇرۇن «ئاۋېستا» نىڭ «تاشتار. ياشت» (يامغۇر ئىلاھىغا مەدھىيە) بابىنىڭ 4-پاراگرافىدىكى ئىككى كۇپلېت شېئىردا ئۇچرايدۇ.⑭ (بۇ شېئىر دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن).

ئىلاھى مەرگەن ئەرش ھەققىدىكى رىۋايەتلەر قەدىمكى ئىراننىڭ كىتابلىرىدا خىلمۇ-خىل ۋارىيانتلىرى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر كەڭرەك تارقالغان كۆز قاراش مۇنداق:

يىراق قەدىم زاماندا، بىر-بىرىنىڭ كۈشەندىسى بولغان ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئالەمنى مالەم قىپتۇ. كېيىن كېلىشىش ئارقىلىق شۇنداق مەسلىھەتكە كەپتۇ. ئىران قوشۇنىدىن بىر ئەسكەر چىقىپ، شەرق تەرەپكە قارىتىپ،

ئوقيادىن بىر تال ئوق ئۈزسۇن، يا ئوقى چۈشكەن يەر ئىككى ئەلنىڭ چېگرا پاسىلى بولسۇن، دەپ كېلىشىپتۇ. جەسۇر جەڭچى ئەرش تاللىنىپ، مەغرۇر قەددىم بىلەن ماۋەنىد⑮ تېغى ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئوقيادىن ئوق ئۈزۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوق ئۈزگەنىكەن، ئايلىنىپ كېتىپ، قىممەتلىك جېنىنى تەقدىم قىلىپتۇ. باتۇرنىڭ ئوقى ئىلاھىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئاسماندا ئاقار يۇلتۇزدەك سەھەردىن چۈشكىچە مېڭىپ، سانسىزلىغان ئېگىز تاغلار ۋە دەريا، چۆللەرنى ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى چوڭ بىر تۈپ ياڭاق دەرىخىنىڭ يىلتىزىغا سانچىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ياڭاق دەرىخى ئىران بىلەن تۇراندىن ئىبارەت ئىككى ئەلنىڭ چېگرا-پاسىلىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قاپتۇ.⑯

(4) خەلق ئارىسىدىكى بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، فەرىدۇن زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا مىراس قالدۇرۇش ئۈچۈن ئوقيادىن شىمالنى چەنلەپ ئوق ئۈزگەن ئىمىش، ئوق ئامۇ دەرياسىغا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ئىرغا، شىمالى تۇرغا مىراس قالغان ئىمىش.

دېمەك، بەزى ئىران رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا ئىرانلىقلارنىڭ ئەپسانىۋى ھۆكۈمدارى فەرىدۇننىڭ ئىككى ئوغلى قالغان بولۇپ، «ئىر» ناملىق ئوغلى ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ، «تۇر» ناملىق ئوغلى تۈرك تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ بوۋىسى بولۇپ قالغان⑰

بىز يۇقىرىقى بىرقانچە خىل رىۋايەتلەردىن، تۇر، تۇران ۋە ئافراسىياپ رەھبەرلىكىدىكى ئەل (تۇران) نىڭ تارىختا تىلغا ئېلىنىپ كېلىنىشى ئومۇمەن ئىران رىۋايەتلىرىگە ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بۇ نۇقتا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەردە، يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەزمۇندىكى ياكى، ئۆز مىللىتىگە خاس رىۋايەت، چۆشەنچىنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ ئەلۋەتتە.

تۇران ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەر خىل قاراش بار.

(1) ئىران رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا «تۇران» قەدىمكى ئىران تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ئىران رىۋايەتلىرىدىكى ئاقساقال فەرىدۇننىڭ ئوغلىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

(2) تابارىنىڭ باياناتلىرىغا قارىغاندا، تۇر، ئىككى دەريا ۋادىسى (مىسسوپوتامىيە) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىگە ئالاقىدار بولغان، يىراق قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ تويان بالاسى ۋە نوھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

(3) خەنزۇچە ھۆججەتلەردە قەيت قىلىنغان دى، دىڭلىڭ دېگەن نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دى «تۇر» بىلەن، «دىڭلىڭ» «تۇران» دېگەن سۆز بىلەن باراۋەر بولۇشى مۇمكىن.⑱

(4) تۇران تۈركىي تىلدىكى سۆز. ئەمما ئۇنىڭ مەنىسى ھەر خىل تۈركىي

قەۋملەرنىڭ تىلىدا ئوخشىمىغان مەناغا ئىگە:

1 . رادلوۋ «تۈركىي تىللىرىدىكى دىئالېكتىلار لۇغىتى» دا «تۇر» نى تۈركىي سۆز قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى ئوغلاق، موزاي دەپ چۈشەندۈرگەن.

2 . رىستت (Ristt) «قالماق تىلى لۇغىتى»دا بولسا «تۇر» نى كۈچلۈك، قۇدرەتلىك تەمبەل، يەنى ياش چارۋا - مال، موزاي مەنىسىدە دەپ قارىغان.⑲

3 . «تۇران» قىرغىزچە مەنىگە ئىگە، يەنى ستىپا كاپىللاتا (Stipa Cpillata، 针茅) دېگەن ئۆسۈملۈكنى قىرغىزلار مۇشۇ مەنىدە ئاتىغان.

4 . ياقۇت تىلىدا تۇران دېگەن سۆز شور توپىلىق يايلاق، شورلۇق يايلاق، دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدىكەن.⑳

5 . ئۇيغۇر تىلىدا «تۇرانقىز، تۇران ئاخۇن، تۇرانخان، تۇرانبەگ، تۇراخۇن، تۇران» دېگەن شەكىلدە ئادەم ئىسمى بولۇپ ئىشلىتىلىسىمۇ، لېكىن، بۇ يەردىكى «تۇران» سۆزىنىڭ ئېنىق مەنىسىنى چۈشىنىش تەسرەك. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىدا «تۇر، تۇرا» سۆزلىرىنىڭ كونكرېت مەنىسى بار. يەنى ئۇ «ئېگىز يەر، ئېگىز مۇنار، ئېگىز بەلگە، كۆزىتىش سۇپىسى» دېگەن مەنىدە. شىنجاڭدا مۇنداق ئېگىز كۆزىتىش مۇنارى يەنى تۇر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پەقەت قۇمۇلدىلا 70 نەچچە تۇرنىڭ بارلىقى مەلۇم.

ئاتالغۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە مەنىسى.

تۇران ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى قەدىمكى بابىلون يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەلۇمكى، ئىككى دەريا ۋادىسىدا قەدىمكى سومېرلىقلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4000 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەسۋىرىي يېزىق ئىجاد قىلغانىدى. بۇلار لاي تاختىدىن قىلىنغان «قەغەز» لەرگە ئويۇلغان ھەم تارىختا «مىخ يېزىق» دەپ ئاتالغان. سومېرلىقلار ئىجاد قىلغان بۇ خىل مىخ يېزىق كېيىنكى ئاككادلىق، بابىلونلۇق، ئاسسىرىيىلىك، خالدېي ۋە پارس قاتارلىق غەربىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى خەلقى تەرىپىدىن قوللىنىلغان.㉑

بابىلونلۇقلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 - يىللاردا يېزىق قوللىنىپ، خاتىرە قالدۇرغان. مۇشۇ خاتىرىلەردە تەڭرىنىڭ ئىسمى كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنى تەڭرىنى «✳» خېتى بىلەن ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئۇ «di-gir» ئوقۇلغان ۋە مەنىسى «تەڭرى» ئۇقۇمىنى بەرگەن. مۇشۇ «di-gir» ئاتالغۇسىدىكى «di/d» تاۋۇشى بىز مەزكۇر ماقالىدا سۆزلىمەكچى بولغان «تۇر» نىڭ كۆپلۈك شەكلى «تۇران» نىڭ سۆز يىلتىزى ئىدى. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى بىرقانچە پاكىتنى كەلتۈرۈش مۇمكىن.

(1) «di-gir» سۆزىدىكى «di/d» تاۋۇشى «ti/t» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئىپتىدائىي تىللار ۋە قەدىمكى تىللاردا «d» تاۋۇشى بىلەن «t» تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇزىدا ئايرىلىش ھادىسىسى كۆپ بولمىغان. بۇنىڭ بىرى جاراڭلىق،

بىرى جاراڭسىز بولۇپ، بەزى تىللار ۋە ئۇنىڭ ئايرىم دىئالېكتلىرىدا جاراڭلىق تاۋۇش ئىشلىتىلگەن، ئايرىملىرىدا جاراڭسىز تاۋۇش ئىشلىتىلگەن.[22]

(2) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن بابىلونلۇقلار ۋە سومېرلار ناتونۇش خەلقلەردىن ئەمەس.

سومېرلار ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى تىگىر دەرياسى بىلەن ئېۋفرات دەرياسى ئارىلىقىدا، قەدىمكى كىرىكلار «مېسوپوتامىيە» دەپ ئاتىغان جايلاردا ياشىغان بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 4000 ـ يىللاردا ئۇلار يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان ۋە ئۇ يەر دۇنيا ـ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى دېگەن باھاغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىنگلىزلاردىن سېر راۋلېنسون (H. C Rawlinson) سومېرلار ئىسكىفلەر (Skeff) لەردۇر، ئۇلارنىڭ تىلى بولسا موڭغۇل ـ مانجۇ تىللىرى بىلەن يېقىنچىلىقى بولغان تۇران تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپتۇر، دەپ قارىغان.[23] يەنە بەزىلەر ئېنىق ھالدا سومېرلار سام ئەمەس، بەلكى تۇران ئىرقى (Turnian Raca) غا مەنسۇپ ئىدى، دەپ كەسكىن ئېيتىشماقتا.[24] بۇ كۆز قاراشلارغا يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملار ئاساس بولغان.

بۇ قاراشنى ئاخىرقى يەكۈن دېمىگەندىمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، دىنىي كىتابلاردىكى بايانلاردىن ئىككى دەريا ۋادىسى، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر خىل ئىرقتا مەنسۇپ خەلقلەرنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخىدا قانداقتۇ بىر خىل ئالاقە ـ مۇناسىۋەت ۋە تۇغقانچىلىق ئالامەتلىرىنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش تەس.

سومېر ـ بابىلون ئەدەبىياتىدىكى «دۇنياۋى توپان بالاسى» ھەققىدىكى ئەپسانە، دەل يۇقىرىقى كۆز قاراشنىڭ خەلق فولكلورىدىكى جانلىق ئىزنالىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

توپان بالاسى ۋە نوھ ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىغا بولغان تەسىرىدە «قۇرئان»، جۈملىدىن ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى ئارقىلىق كىرىشتىن باشقا، يەنە بىر خىل بىۋاستە تارقالغان ۋارىيانتى بارلىقىنى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈرك ـ تەڭرى يارلىقىغۇچى نوھنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى، بۇ نوھنىڭ ئوغلى تۈرككە تەڭرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم. ئۇنىڭ ئەۋلادىمۇ ‹تۈرك› دەپ ئاتىلىدۇ... ‹تۈرك› سۆزى نوھ ئوغلىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە بىرلا كىشىنى بىلدۈرىدۇ. نوھ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە ‹ئادىمىزات› سۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلار توپىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ھەم كۆپلۈك ھەم بىرلىك مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.»[25] دەيدۇ.

موللا موسا سايرامى نوھنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ياپەس ئىكەنلىكى ئۇ شەرقىي ۋە

شىمال تەرەپلەردىكى ئىدىل (ۋولگا)، ئېرتىش دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئوغلى تۈرك ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.㉖

يەھۇدىلار، ئەرەبلەر، ئىرانلىقلار، ھىندىلار ۋە جۇڭگودا خەنزۇلار تارىخ تەتقىقاتىدا ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ ئەمەلىي مۇقەددىمە تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىنى ئوبدان ساقلاۋاتىدۇ ئەمما، ئۇيغۇرلار بولساق، ئۇنداق قىلالمايۋاتىمىز.

(3) دېمەك، قەدىمكى سومېر-بابىلونلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بار ئىكەنلىكى، كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئوبدان تەتقىق قىلىنىپ، ئىلمىي يەكۈنگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشلىرى ۋە ئىلمىي قاراشلىرى يۇقىرىقى مەسىلىنى تولۇقلاشنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى.

قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «帝» (ئوقۇلۇشى-di) چىغىناق-تاغاق يۈتۈكتە «米» شەكلىدە پۈتۈلگەن.㉗ ئۇ خۇددى دۆۋىلەپ قويۇلغان ئوتۇنغا ئوخشايتتى. قەدىمكى چاغلاردا ئوتۇن دۆۋىسىگە ئوت يېقىشتىن مەقسەت ئاساسەن تەڭرىگە دۇئا-تىلاۋەت قىلىشتۇر. ئوتۇن كۆيگەن ۋاقىتتا ئوت ئۇچقۇنلىرى يالىلداپ ئاسمان ئىلاھىنىڭ سەھرىي كۈچى ناھايە بولىدۇ. شۇڭا، خەنزۇچە «帝» خېتىنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئاسمان ئىلاھى» (天神) دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، خەنزۇ تىلىدىكى بۇ سۆزنىڭ نېمە ئۈچۈن «di» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىنى، گومورو ئەپەندى قەدىمكى بابىلون يېزىقىدىكى «米» خېتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان.㉘ جۇڭگونىڭ خەنزۇچە چىغىناق-تاغاق (جياگۇ) يېزىقى مىلادىيدىن بۇرۇنقى 1500-يىللار ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن. ئەمما، بابىلونلۇقلارنىڭ تەسۋىرىي يېزىقى مىلادىيدىن بۇرۇنقى 3000-يىللاردا بارلىققا كەلگەن. خەنزۇچە رەمنامە (卜辞)㉙ دىكى 12 مۆچەلنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت بايانلا ۋە ئاندىرسوننىڭ رەڭلىك ساپاللار توغرىسىدىكى ھۆكمى بويىچە㉚ شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بابىلون بىلەن جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە روشەن ئالاقىسى بولغان.

ئالىملار دەل مۇنداق ئىككى مەرىپەتلىك ئەل ئارىسىدا ياشىغان ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى خەلقنىڭ، بولۇپمۇ، تۈركىي خەلقلەر ئەجدادىنىڭ مۇنداق ئالاھىدە ۋاسىتىچىلىق رولىنى ئوينىغانلىقىنى سالماقلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.

مەسىلەن، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى «狄» (di) سۆزى ئەسلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى بىر سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى يەنىلا «تەڭرى» دېگەنلىك. يەنى بۇ سۆز «帝» سۆزى بىلەن يىلتىزداش بولۇپ، ئۇنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان روڭدى (戎狄) لار جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەن ئىكەن.㉛

خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئەڭ بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى دى (狄) دەپ

يازغان. ئۇلار شىمالىي دى دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار جۇڭگونىڭ شاڭ خانلىقى، شىيا خانلىقى دەۋرىدە ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇن تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، شىيا، شاڭ، جۇ قەۋملىرى بىلەن بىرلىكتە مەملىكىتىمىز جۇڭگونىڭ شانلىق، پارلاق قەدىمكى مەدەنىيىتىنى يارىتىش ئەمگىكىگە قاتناشقان.㉜

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئارىسىدا قوللىنىلغان «تۇران» «تۇر» سۆزىنىڭ كۆپلىكى ئىدى. مەھمۇد قەشقىرى «‹ئەر› سۆزىنىڭ كۆپلىكى ‹ئەرەن› شەكلىدە قوللىنىلغىنىدەك ‹ئوغۇل› سۆزىنىڭ كۆپلىكىمۇ ‹ئوغلان› بولۇپ قالغان㉝» دەيدۇ. بىز بۇنىڭدىن بىرلىك «تۇر» غا «ئان» قوشۇلۇپ، «تۇرلار» دەپ كۆپلۈك مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز.

«تۇر» نىڭ سۆز يىلتىزى بابىلون يېزىقىدىكى «✳» (di-gir) ئىدى. بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «di» بوغۇمى تۈركىي تىلىنىڭ يىراق قەدىمكى باسقۇچىدا يەنىلا «di» تەلەپپۇز قىلىنغان. شۇنداق بولغاچقا، مىلادىدىن ناھايىتى بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە «di» (狄) دەپ يېزىلغان ۋە خەنزۇلارغا تەسىر قىلغان. ھەم خەنزۇلار ئۇلارنى يات قەۋم ھېسابلاپ، «ئوت» (火) نىڭ ئالدىغا كەمسىندۈرۈش مەنىسىدىكى بەلگە (犭) نى قوشۇپ ئاتىغان، ئۆزلىرىنىڭ خاقانلىرىنى ۋە تەڭرىنى جەزىبدار خەت «帝» خېتى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئەمما ھەر ئىككىلىسى يەنىلا «تەڭرى» مەنىسىدە كەلگەن.

خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «دى» (狄) كېيىنچە «دىلى» (狄历)، «دىڭلىڭ» (丁零) ۋە «تېلى» (铁勒) دېيىلگەن بولۇپ، بۇلار «تۇران» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، «دى» «تۇر» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى.

بابىلون يېزىقىدىكى «di-gir» ئاتالمىسىدىكى «di» تاۋۇشىنىڭ «tur» غا ئايلىنىپ قېلىشى نەچچە مىڭ يىللىق تىل تەرەققىياتىنىڭ، ئوخشىمىغان تىلدىكى تەلەپپۇز ئادەتلىرىنىڭ، ئۇرغۇ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى، بۇنى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ.

(4) ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇر، تۇرا» سۆزىنىڭ «ئېگىز يەر» مەنىسىدە ئىشلىتىلىشىمۇ، بۇ سۆزنىڭ بابىلونچە «di-gir» (تەڭرى) سۆزىدىن كەلگەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. قەدىمكى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىدە «تەڭرى» «ئېگىز يەر» دە بولاتتى. بۇ يەردىكى «ئېگىز» نىڭ چېكى يوق، ئەلۋەتتە.

(5) قەدىمكى ھون تىلىدىكى «تېڭىر» (Tengir يەنى تەڭرى) سۆزى ۋە «تۈرك» دېگەن ئاتالغۇمۇ بابىلون يېزىقىدىكى «digir» سۆزى بىلەن يىلتىزداش ئىكەنلىكىگە شۈبھىلەنمەسلىك كېرەك.

سىماچيەننىڭ «تارىخنامە. ھون تەزكىرىسى» دە «ھونلار تيەن (天 - مەنىسى تەڭرى، ئاسمان) دېگەن سۆزنى 撑犁 دەپ ئاتايدۇ» دەپ يازغان. بۇ «撑犁» دېگەن خەت-

لەرنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى Tengli ئىدى. بۇ دەل ھونچە «تەڭرى» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادىلىنىشى ئىدى.㉞ ھونلار، تۇرانلار بابىلونلۇقلاردىن ئالغان «di-gir» (تەڭرى) نامىنى «تەڭرى» شەكلىدە ئىشلەتكەن ۋە كېيىنكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارغا مىراس قالدۇرغان.

«تۈرك» سۆزىدىكى «تۇر- tur» بىلەن «تۇران» سۆزىدىكى «تۇر- tur» ئوخشاش شەكىلدىكى سۆز بولۇپ، «تۈرك» مۇ «تەڭرى- تەڭرىلەر» مەنىسىدە. ئاخىرىدىكى«ك» تاۋۇشى قەدىمكى تۈركى تىللاردا ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«سۇي تارىخى» دىكى بىر بايان مۇشۇ قاراشقا كۈچلۈك ئاساس بولىدۇ: ‹兜鍪- doumou› دېگەن بىر تاغ بولۇپ، ئەتراپىدا تۈركلەرنىڭ بارگاھلىرى بار ئىكەن، بۇ قەۋمنىڭ تىلىدا ‹دوۋموۋ› ‹تۈرك- (Tujüe- 突厥)› دېيىلىدىكەن، شۇڭا بۇ تاغ ئۇلارنىڭ نامى قىلىنىپ، (بۇ ئۇلارنىڭ) ‹تۈرك› دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغان». تارىخىي دىرەكلەردىن ھونلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېگىز، مۇقەددەس تاغلارنى «تەڭرى، تەڭرىتاغ، خانتەڭرى» «تەڭرى ئاتا» دەپ ئاتايدىغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈرك تەڭرى يارلىقىغۇچى نۇھنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى. بۇ— نۇھنىڭ ئوغلى تۈركلەرگە تەڭرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم»㉟ دېيىشىدە ئەنئەنىۋى قاراشتىن يىراقلىشىپ كەتمىگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

پروفېسسور ئا.ن.كونونوپ، «تۈرك» سۆزىنىڭ مۇشۇ مەنىسىگە دىققەت قىلغان. ئۇ تۈرك (Тюрк) دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىدىغان بىر ئەسەر يازغان بولۇپ، ئۇ بۇنى تۇتېمىزم چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ ئىزاھلىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆزنى Töc(p||c) دېگەن سۆز بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ بايان قىلىشقا بولىدىكەن: «Töc||тюр نىڭ مەنىسى مۇنداق تەرەققىياتتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن: «‹مەبۇد› تىن ‹مەبۇدلۇق ئورۇن››، ‹مۇتەۋەللىلىك ئورۇن› ‹ئىززەتلىك ئورۇن› دىن تەرەققىي قىلىپ، ‹نىزام›، ‹قانۇن›، ‹ھۆكۈمدار›، ‹ھۆكۈم قىلغۇچى› غا ئايلانغان، ھەممىدە ئەڭ ئاخىرى ‹زور كۈچ، كۈچ- مادار› غا راۋاجلانغان».㊱ بۇ يەردە بايان قىلىنغان چۈشەندۈرۈشلەر «تەڭرى» نىڭ سۈپەتلىرىگە ماس كېلىدۇ.

ۋېنگىرىيىلىك ۋامبېرىنىڭ «تۈرك» دېگەن سۆز «ئادەم، ئەجداد قىلغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ.㊲ دېگەنلىرى ۋە ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا تەمبەل، كۈچلۈك، قاۋۇل، جۈملىدىن ساۋاتسىز ئەمما نوچىلارنى «بۇ تۈرك»، «قارا تۈرك ئادەم» دېيىشلىرىنىڭ ھەممىسى «تۈرك» نىڭ ئەسلى مەنىسىنىڭ كېڭەيمىشىدىن ئىبارەت. چۈنكى، قەدىمكى كىشىلەر، ئۆزلىرىنى تەڭرى ياراتقان دەپ قاراش بىلەن، ئۆزلىرىنىمۇ تەڭرى دېگەن، ۋە ئەجداد قىلغۇچى ئىكەنلىكىگىمۇ شۈبھىلەنمىگەن. كېيىنكى كىشىلەرنىڭ

ئادەملەرنى «تۈرك» دەپ سۈپەتلىشىمىز، ھون خاقانلىرى ئۆزلىرىنى «تەڭرىقۇت»، (تەڭرىنىڭ ئوغلى)، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئىدىقۇت» (تەڭرىنىڭ ئوغلى) دېيىشلىرى بىلەن ئوخشاش مەنىدە كەلگەنلىكى.

دېمەك، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە خەنزۇلارنىڭ خاقان ياكى تەڭرى مەنىسىنى بېرىدىغان «帝» تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى كۆرسىتىدىغان دى، دىلى، دىڭلىڭ، تېلى، تۈرك، ئەرەبچە ھۆججەتلەردىكى تۈر، پارسچە ھۆججەتلەردىكى تۇرا، تۇران، تۈر، ئۇيغۇر - تۈركچە ھۆججەتلەردىكى تۇرا، تۈر، تۇران، تۇرانىلار، تۇرانلار، تۈرلار، تۈر(ك) قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى بابىلۇن يېزىقىدىكى ئاتالغۇدىن كەلگەن بولۇپ، ھەر قايسى خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل، دىئالېكت - شېۋىلىرى تەرىپىدىن ھەر دەۋردە ھەر خىل تىرانسكرىپسىيە قىلىنغان.

ئىزاھلار

① ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 274 - 276 - بەتلەر.

② ل. خ. مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، خەنزۇچە نەشرى.

③ «بۈيۈك لۇغەت ۋە ئېنسىكلوپېدىيە»، تۈركچە نەشرى، XII توم، 37 - بەت.

④ «قۇتادغۇبىلىك»، بېيجىڭ - مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 5 -، 13 - بەتلەر.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 - بەت ئىزاھاتتا قاراڭ.

⑦ سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىي تۈپلىمى» خەنزۇچە نەشرى، 2 - قىسىم. 663 - بەتتىكى ئىزاھات. جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1958. بەزىلەر «ئاۋېستا» دىكى «تۇران» ئاتالغۇسى تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان دەپ قارايدۇ.

⑧ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 447 - بەت، III توم، 215 -، 502 - بەتلەر ئۈرۈمچى - شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1981، 1984،

⑨ «قۇتادغۇبىلىك» تە: 277، بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك

.................................

280. تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئافراسىياپ.

.................................

دېيىلگەن.

⑩ ⑪ ⑳ موزايېۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا»، موسكۋا، رۇسچە نەشرى، 1957 - يىل [«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى [1]» «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچە سانى. 1985 - يىل. 28 -، 78 - بەتلەر (تۇران) ئاتالغۇسىغا ئىزاھ]

⑫ ئەل تاپارى: «تارىخۇل ئۇمەم ۋەل - مۇلۇك» (مىللەتلەر ۋە مەملىكەتلەر تارىخى) [ئابدۇرۇسۇل بىننى مۇھەممەدنىڭ تەرجىمىسىدىن (قول يازما. ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان ماكانلىرى»)]

⑬ ش. ئە. يەزدى: «ئەمىر تۆمۈر كوراگان ھەققىدە قىسسە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل، 4 - بەت.

⑥ ⑭ يۈەن ۋېنچى: «ئاۋېستا، ياشت، تىكى ئىسلاھقا مەدھىيە قوشىقى، ھەققىدە» «چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» 11 - توپلام، 349 -، 352 - 353 - بەتلەر. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1987.

⑮ ماۋەند تېغى - يەزدى بۇنى «زىماۋەند تېغى» دەپ يازغان. «ئاۋېستا. تاشتار. ياشت» 4 - بابتىكى شېئىردا «خىماۋەند» دېيىلگەن. يۈەن ۋېنچى ئۇنى خۇراساننىڭ شىمالىدىكى بىر تاغ دەپ ئىزاھلىغان. يۇقىرىقى كىتاب 352 - بەت.

⑰ ئىمىن تۇرسۇن: «توڭا ئالىپ ئەر»، قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1983 - يىل، 1 - سان،

⑱ قاسىم ئارش: «هونلار ۋە شىمالىي تۇرانلار» ناملىق كىتاب (قول يازما)

⑲ جاڭ ليەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1982 - يىل، 3 - سان.

㉑ «دۇنيا قىسقىچە تارىخى» (قەدىمكى زامان قىسمى) بېيجىڭ - مىللەتلەر نەشرىياتى، 125 - ، 126 - بەتلەر 1982 .

㉒ بۇنىڭغا كۆپلىگەن مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن، قەدىمكى تۈركىي تىلدا دەريا - ئېقىن («تىل/دىل») دەپ ئاتالغان. مەھمۇد قەشقەرى «ئەتىل» دەپ يازغان دەريا ھازىر «ئىدىل» (ۋولگا) دەرياسى دېيىلىدۇ. «تۈرك» ئاتالغۇسى قەدىمكى تىبەت تىلىدا «دۇرگۇ» دېيىلگەن. خەنزۇ تىلىدىكى «大» (ئوقۇلۇشى da) قەدىمكى دەۋردە «tai» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنغان.

㉓ ㉔ خۇدا بەردى سىپىلىم: «توخارلار، ياۋچىلار ۋە كۇسەن ئىمپېرىيىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىل، 5 - سان، 2 - بەت. (قوشۇمچە سان)

㉕ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 455 - بەت.

㉖ م. م. سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، بېيجىڭ - مىللەتلەر نەشرىياتى، 59 - بەت. 1986.

㉗ چوڭشۈيۈەن، شۈۋېيجىيەن «ئەڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى» خەيتەن نەشرىياتى، 1987 - يىلى. «چىغىناق تاغاق پۈتۈك، مىسال پۈتۈك شەكلى جەدۋىلى»، 26 - بەت.

㉘ «گومۇرۇ ئەسەرلىرى. تارىخ قىسمى I» 324 - بەت.

㉙ رەمنامە (卜辞) چىغىناق - تاغاق پۈتۈك دەپ ئاتىلىدۇ. 1899 - يىلى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيەسى شياۋتۇن كەنتىدىكى يىن خارابىسىدىن تېپىلغانىدى. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىپ چىقىشىچە، بۇ پۈتۈك شۇ چاغلاردا رەمباللار تۈرلۈك ئىشلار ئۈستىدە رەم باققاندا قالدۇرغان خاتىرىلەر ئىكەن. شۇڭا چىغىناق - تاغاق پۈتۈكى رەمنامە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

㉚ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئاندىرسون جۇڭگونىڭ رەڭلىك ساپال مەدەنىيىتى غەربتىن كەلگەن دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

㉛ تاڭ شەنچۈن، لىيوجىڭخۇا «خۇاڭدى - 黄帝 نىڭ يەشمىسى»، «ئەدەبىيات - تارىخ بىلىملىرى» ژۇرنىلى 1988 - يىل، 9 - سان، 106 - بەت.

㉜ دۇئەن ليەنچىن: «شىمالى دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى»، خېبېي خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل، 1 - بەت.

㉟ ㉝ «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 101 - ، 455 - بەتلەر.

㉞ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 28 - بەت.

㊱ ㊲ تېنىشىۋ: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى. 1982 - يىل، 3 - ، 4 - بەتلەرگە قاراڭ.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيىسى توغرىسىدا

يارمۇھەممەت تاھىر

XI ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، تالانتلىق شائىرى، تەدبىرلىك ئىسلاھاتچىسى، يۈكسەك غايە ئىگىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شانلىق ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىسنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز دەۋرى ۋە شارائىتىغا نىسبەتەن زور ئىستىقبالغا ئىگە بولغان غايىۋى كۆز قاراشلار ئارقىلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بۇ ساھەدە شانلىق سەھىپە ئاچقانىدى. ئۇنىڭ دۆلەت دىپلوماتىيىسى بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى دانا كۆرسەتمىلىرى ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەدبىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ ئەينى تارىخىي دەۋر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دەۋرىمىزدىكى ئىسلاھات يۆنىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ كۆرنەرلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىلارنىڭ دۆلەت دىپلوماتىيىسى ئۈچۈن كۆرسىتىپ بەرگەن يۈكسەك تەرەققىيات ئىستىقبالغا ئىگە دانا تەدبىرى يالغۇز ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە قاراخانىلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى تاشقى سىياسىتىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخى ۋە دىپلوماتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

قاراخانىلار دۆلىتى دەۋرى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ تارىخىي باسقۇچنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ۋە كۈچلۈك سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە قايتىدىن تارىخنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىققانلىقى، ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ئۇيغۇر خەلقى خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋردىن بۇيان ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇددا دىنى، شامان دىنى ۋە مانى دىنى ئېتىقادلىرىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئېتىقادى ئالغانلىقى يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ يېڭى - يېڭى مەدەنىي ھاياتقا بولغان قىزغىنلىق ۋە ئىنتىلىش ئۇلغىيىپ ئىجادچانلىق روھى زور دەرىجىدە ئاشقان-

لىقى شۇنىڭ بىلەن يېڭى ـ يېڭى ئىلغار ئىدىيەۋى كۆز قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇ ـ
لۇپ قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاۋاسىنى يېڭى بىر
ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغانلىقى، دۆلەتنىڭ سىياسىي تەسىرىنىڭ ئۆلغىيىشىغا ئەگە ـ
شىپ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىي مۇناسىۋەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشكە قەدەم قوي ـ
غانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئالاھىدە سىياسىي ۋە مەدەنىي مۇھىتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇيغۇر ـ
لارنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە مەدەنىي ئالاقىسى زور دەرىجىدە
كېڭەيدى، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ يالغۇز ئەرەب دۇنياسى بىلەنلا ئەمەس، بەل ـ
كى غەربتىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر بىلەن كەلدى ـ باردىسى قويۇقلاشتى، قاراخانىلار ـ
نىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى كۆپلىگەن مەدەنىي دۆلەتلەر بىلەن قاراخانىلارنىڭ
دىپلوماتىك ئەلچىلىرى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان
سودىگەرلىرىنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇردى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلەر تەبە ـ
قىسى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئاساسىي كۈچكە ئايلىنىپ،
يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ ئالتۇن يولدا مۇستەھكەم ھالقا بولغانىدى، «جۇڭگو
بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن
جۇڭگو ۋە كىدانلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى توغرىسىدىكى سەھىپىسىدە كىدانلار
قۇرغان لياۋ سۇلالىسىنىڭ شاڭجىڭلىن خۇاڭ مەھكىمىسى ھەرقايسى جايلاردىن كەل ـ
گەن سودىگەرلەر توپلىشىدىغان جاي بولغانلىقى، ئىدىقۇت، كۇسەن، خوتەن، لياڭ
جۇ، شىياجۇ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ناھايىتى كۆپ
بولغانلىقى، ئۇيغۇرلار ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم لياۋ سۇلالىسىغا 400 كىشىدىن
ئارتۇق ئەلچىلەر ئۆمىكى ھەر خىل سوۋغا بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقى، بۇ بۇ ـ
يۇملار ئىچىدە قاش تېشى، مەرۋايىت، كەركىدان، مەستىكى رومى، قەھرىۋا، ئاگات
(ھەقىق) ساپال قاچا ـ قۇچىلارغا ئىشلىتىلىدىغان سىر، ۋە قورال ـ جابدۇقلارنىڭ بارلىقى،
لياۋ سۇلالىسىمۇ ھەر قېتىمدا مۇناسىپ قىممەتتە سوۋغا قايتۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن،
يەنە شۇ كىتابتا لياۋ سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدا
قەرەللىك سودا گۇرۇپپىسى بولىدىغانلىقى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ
ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكى، ھەتتا شياڭ جىن شەھىرىدە مەخسۇس «ئۇيغۇر ئورگىنى»
تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ جاي ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ۋە سودىگەرلىرى يىغىلىدىغان
جاي بولغانلىقى، بۇنىڭدىن باشقا ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ جايلىرىدا
ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ قەدەم ئىزىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقى① يېزىلغان، قىسقىسى،
خۇددى مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» دا ئېيتقاندەك، «تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشى
تۈركلەر بۇرجىدا ئايلانغان» ئىدى.

① لىيۇۋي «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى» خەنزۇچە 5. باب 28 ـ بەت.

ئەپسۇسكى، XI - ئەسىرلەرگە قەدەم قويغاندا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش، يۇقىرى تەبىقىلەر ئىچىدە ئەيش-ئىشرەت كەيپ-ساپا، پارخورلۇق، جەمئىيەتتە بولسا قاراقچى ۋە ئوغرى-يالغان كۆپىيىپ دۆلەت خارابلىشىشقا يۈز تۇتقان. بولۇپمۇ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا بىلىمسىز، ئىقتىدارسىز، ئاچكۆز شەخسىيەتچى كىشىلەر ھوقۇق ئىگىلىۋېلىپ قاراخانىيلارنىڭ يارقىن ئوبرازىغا ئېغىر دەرىجىدە داغ چۈشۈرۈشكە باشلىغان، بۇلار قاراخانىيلارنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا يامان تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل نورمالسىز ئىجتىمائىي كەيپىيات «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خاتىمە قىسمىدا ناھايىتى ئوچۇق سۈرەتلەپ بېرىلگەن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي گۈللىنىشى ھەققىدە ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيىسى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي گۈللەندۈرۈش ھەققىدىكى داھىيانە تەدبىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىپ كۆرسەتكەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كۆز ئالدىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى توغرا مۆلچەرلەپ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىشتە، مەدەنىيەتتە تۇتقان ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشتە زۆرۈر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋاسىتە بولغان دىپلوماتىيىنىڭ قائىدە قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ھەققىدە ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى ئىدىيىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئۇنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى يالۋاچ (دۆلەت ئەلچىسى) نىڭ دۆلەت دىپلوماتىيىسىدە تۇتقان ئورنى، ئۇنىڭ رولى ۋە ئۇ ئورۇنلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن بايانلىرىدا گەۋدىلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يالۋاچ (ئەلچى) بولغۇچى كىشى دۆلەت دىپلوماتىيىسىدە يالغۇز دۆلەتنىڭ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش ۋە پادىشاھنىڭ ئىرادىسىنى يەتكۈزۈشتە مۇھىم ۋەكىل ۋە ۋاسىتە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ پۈتكۈل دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، ئەخلاق-پەزىلىتى، ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن قابىلىيىتى، بىلىم سەۋىيىسى، ۋەتەن، خەلققە بولغان يۈكسەك ساداقەتمەنلىكى ۋە باتۇرلۇقىنىڭ ۋەكىلى ۋە تونۇتقۇچىسى، يالۋاچ بولغان كىشى قابىلىيەتتە تەڭداشسىز، ۋەتەن خەلقى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەقىقىي جان پىدا قىلالايدىغان ئالىي پەزىلەتكە ئىگە سەرخىل كىشى بولسا، دۆلەت ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ پايدا مەنپەئەت ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كېلەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

2599 بۇ ئەلچى بىلەن كۆپ ئىشلار قىلىنۇر،
تولا ئوبدان ئىشلار ئەلچىدىن كېلۇر.

ئەگەر ئەلچىدە بولسا پەزىلەت تولۇق،
2643 چوڭ ئۆپ بەگ، بولۇر ئاتى ئەلدە ئۇلۇغ.

2647 پەزىلەت بىلەن ئەر قىلىن گەر سۇنار،
بۈيۈك تاغ ئېگىپ باشىن يەرگە قۇيار.

يۇقىرىقى بايانلار يالۋاچنىڭ دۆلەت سىياسىتى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتى، ئابروي ھۆرمىتى ۋە باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى بىلەن پەزىلەتتىكى كامىللىقنىڭ خاسىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، تارىختىن بۇيان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرىدە (ئۇنىڭ قانداق خاراكتېر ئېلىشىدىن قەتئىينەزەر) ئەلچىنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە چوڭ بولدى. ھەتتا ئۇ ناھايىتى چوڭ سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولالىغانىدى. بۇ يەردە قىسقىچە بىر مىسال ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206-يىللاردا باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۈيۈك ھون ئىمپېراتورلۇقى بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىشىش راسا ئەۋجىگە چىقتى، ھون ئىمپېرىيىسى تەڭداشسىز سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە خەن سۇلالىسىغا ئېغىر تەھدىت سالدى ۋە كۆپ زىيانلارغا ئۇچراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقئارا كارۋان يولى (يىپەك يولى) نىڭ بارلىق ئىمتىيازىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ھەر تەرەپتىن توساق قويدى. بۇنداق پايدىسىز ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خەن سۇلالىسى دىپلوماتىيىگە كامىل جاڭ چيەننى غەربىي رايونغا ئەلچى سۈپىتىدە ئەۋەتىپ ھونلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بولغان ئۇيسۇن، ياۋچى قاتارلىق قەبىلىلەرنى ھون ئىتتىپاقىدىن يېنىپ چىقىپ ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشكە كۆندۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن ھون ئىتتىپاقىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىنى پىلانلىدى. جاڭ چيەن مىلادىدىن ئىلگىرى 139-يىلى غەربىي رايونغا كېلىپ كۆپ ھەرىكەتلەرنى قىلدى. كېيىن ھونلارغا تۇتۇلۇپ 10 يىل نەزەربەند بولدى. ھونلار بۇ جەرياندا ھەتتا جاڭ چيەننىڭ رايىنى ياندۇرۇش ئۆز ۋەزىپىسىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن، ھون خوتۇنىغا ئۆيلەپمۇ قويغان. بىراق ئۇ ئۆز زىممىسىگە ئارتىلغان مەجبۇرىيەتتىن ۋاز كەچمىگەن. نەتىجىدە خەن سۇلالىسى بارا-بارا قۇدرەت تېپىپ، ئالدى بىلەن ھون ئىتتىپاقىنى پارچىلاپ ئاندىن بىر-بىرلەپ يوقىتىپ ھون ئىمپېرىيىسىنى تارمار قىلىش مەقسىتىگە ئېرىشەلىگەنىدى. مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، شۇڭا ھەرقايسى دۆلەت دىپلوماتىيىدە ئەلچى-

لىككە ۋە ئەلچى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇنداقلا ئەلچىلىك ئۈچۈن ئادەم تاللاشنى دۆلەت دىپلوماتىيە سىياسىتىدە مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە تۇتۇپ كەلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەكىتلىگەن «بۈيۈك تاغنىمۇ باش ئەگدۈرەلەيدىغان» پەزىلەت يۇقىرىقىدەك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەسىرنىڭ مۇھىملىقى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان زۆرۈر شەرتلەردىن بىرى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يالۋاچنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم رولىغا بەرگەن يۈكسەك باھاسى، ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەر ئاساسىدا يەكۈنلىگەن دىپلوماتىيە ھەققىدىكى باي تەجرىبە ساۋاقلىرىنىڭ خۇلاسىسى ئىدى. ئەمەلىي ۋە نەزەرىيەۋى بىلىمگە كامىل ئالىم يالۋاچنىڭ دىپلوماتىيىدىكى رولىغا يۈكسەك باھا بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، يالۋاچ توغرا تاللانماي نامۇناسىپ، پەزىلەتسىز كىشى قويۇلسا دۆلەت ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئالىمنىڭ قارىشىچە، ھېرىسمەن، ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى كىشى ھەرگىز يالۋاچلىققا يارىمايدۇ، ئۇنداق كىشى مال دۇنيانى كۆرسە ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ساتىدۇ.

2611 كۆزى ئاچ كىشىلەر ئۆزىن تۇتالماس،
ئۇ ئەلچى بولۇشقا تېخى يارىماس.

2613 ھېرىستۇر تاماخور، تاماخور يامان،
تاماخور ئاتالغاي قەلەندەر ھامان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، كۆڭۈل بايلىق شەۋكىتى بىلەن كۆز ئاچلىق رەزىللىكىنى ئوبرازلىق رەۋىشتە روشەن سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆز قاراشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە مۇكەممەل پەلسەپەۋى ئاساس تىكلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە ھاراقكەش كىشىنى ھەرگىز ئەلچىلىك ۋەزىپىسىگە قويماسلىقنى يالۋاچقا قويۇلىدىغان مۇھىم پەزىلەت شەرتلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەكىتلىگەن، ئۇنىڭچە، ھاراق - ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، بىرەر كىشى ئۆزىنى ھەرقانچە دانىشمەن، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك چاغلىسىمۇ ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ئۇ ئەڭ بىلىمسىز، نادان ۋە پەسكەش ئورۇنغا ئۆتىدۇ - دە دۆلەتنى ئۇنتۇپ، ۋەتەن مەنپەئەتىنى ھاراقنىڭ قۇربانى قىلىدۇ. ھاراق ئىچكەندىن كېيىن دۆلەتنىڭ تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىچكى مەخپىيەتلىكنى ساقلىماق تەس بولىدۇ.

2650 ھاراق ئىچسە ئالىم ئىلىمسىز بولۇر،
ئىلىمسىز مەس بولسا نىمىلەر قىلۇر.

2655 مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كېتۇر دەۋلىتى،
مەي ئىچسە بولۇر تەلۋە، ئاخماق ئېتى.

يۇقىرىقى بېيىتلاردىن باشقا 2656، 2651، 2653، 2654، 2658، 2659 - بېيىتلاردىمۇ ھاراقنىڭ يالۋاچنىڭ دىپلوماتىيە ئىشىدا ئېلىپ كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتلىرى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. ئالىمنىڭ يۇقىرىقى ئەسكەرتمىلىرى ۋە ساۋاقلىرى ئۇنىڭ ۋەتىنىنىڭ مەنپەئىتىگە، تەقدىرىگە ۋە ئىستىقبالىغا بولغان كۆيۈمچانلىقى، كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ دىپلوماتىيە چۈشەنچىسىدىكى مۇھىم مەزمۇنى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى يۇقىرى تاكتىكا، زىرەكلىك ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى ھەر تەرەپلىمە تالانتقا ئىگە بولۇشنىڭ دۆلەتنىڭ شان شۆھ - رىتى، خەلقنىڭ ئېسىل مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى باشقا ئەللەرگە نامايىش قىلىش ۋە ۋەتەننى يۈكسەك ئىجتىمائىي ئورۇنغا، كەڭ تەسىرگە ئىگە قىلىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا، ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىپ، يېتىشكەن دىپلومات سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋە غايىۋى دىپلوماتىيە ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنداق ئىلغار دىپلوماتىيە ئىدىيىسى يالۋاچقا قويغان يۇقىرى دەرىجىدىكى ئالىي تەلەپلىرىدە كونكرېت ئىپادىسىنى تاپقان.

ئالىم يالۋاچ بولغۇچى كىشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئەقىل - پاراسەتتە، بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بولۇشى، باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ ئىچكى مەناسىنى تولۇق چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، سۆزنى ئورۇنلۇق قىلىشى، ھازىر جاۋاپ بولۇشى، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن قارشى تەرەپنى قايىل قىلالىشى زۆرۈر، دەپ قارىغان. يۇقىرىقى تەلەپلەرنى دۆلەت ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن چوقۇم لازىم بولىدىغان شەرتلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قاتارىدا ئىزاھلىغان. بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

2601 ئۇتتۇقلۇق ئورۇنلاي دېسە ئۆز ئىشىن،
تۈزۈك ئۇقماق كېرەك سۆزنىڭ ئىچ - تېشىن.

2648 ئۇ بولسۇن چېچەن، سۆزگە ھازىر جاۋاب،
سوئالغا جاۋاب بەرسۇن ھەم توغرىلاپ،

2660 بۇ ئەلچى تىلى ئۈز كۆڭۈللۈك كېرەك،
ئۆزى سۆزگە ئۇستا، ئەقىللىق كېرەك.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارا بولىدىغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت يال -

خۇز دوست ئەللەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بەلكى ئۆزلىرى ئۈچۈن دۈشمەن دۆلەتلەر بىلەنمۇ ھەر خىل مەقسەت ـ مۇددىئا بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قارشى تەرەپ ـ نىڭ تومۇرىنى تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەريان ئىچكى جەھەتتىن بەك سىرلىق ـ لىقىنى، تاشقى جەھەتتىن داھايىتى ئۇستىلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق چاغدا داھايىتى نۇرغۇن سۆزلەر ئەستەرلەنگەن ۋە مۇئەييەن مۇددىئا بىلەن سوغۇرۇلغان بولىدۇ. ھەر بىرسوئال تۈرىنىڭ ئىچىگە ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن بىلىش مۇھىم دەپ قارال ـ غان مەقسەتلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. گەرچە شۇ مۇھىتنىڭ ئۆزى قارىماققا ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ تاكتىكا جەھەتتىكى كەسكىن ئېلىشىش مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئېلىشىش سەھنىسىگە چىققان ياللۇاچقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوت ـ تۇرىغا قويغان يۇقىرىقى شەرتلەرنى تولۇق ئورۇنداش ياكى ئورۇندىيالماسلىق ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى يېڭىش ياكى يېڭىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. يەنى بۇ ـ نىڭغا جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ھەربىي ئالىمى جۇگېلىياڭنىڭ لۇبىنىڭ ئوردىسىغا ئەلچە ـ لىككە بېرىپ، يۇقىرى قابىلىيەت ۋە سۆز تالانتى بىلەن لۇبى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپە ـ دىكى ساۋساۋپەرەس ئەمەلدارلارنى قايىل قىلىپ، لۇبى بىلەن بىرلىشىپ ساۋساۋنى يوقىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىستىراتېگىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ زور غەلىبىلەرگە ئېرىش ـ كەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياللۇاچتا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلىرىنىڭ مۇھىم مەز ـ مۇنى قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىي پائالىيەتلەردىكى ماھىرلىق، ھەتتا ھەر خىل تەنتەربىيە سىنىشلىرىدىكى غالىپلىق قاتارلىقلارنىڭ دىپلوماتىيىدىكى مۇھىم ئورنىنى ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىسىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 2603، 2604، 2605، 2606، 2626 قاتارلىق بېيىتلىرىدا ياللۇاچنى تاللاشتا ئەڭ مۇھىمى بىلىمگە قاراش، بىلىمدە كامىل بولسا ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن ۋەزىپە تاپشۇرۇش، ياللۇاچ بۈيۈك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ھەربىر قەدەمدە ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن بېسىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا دۆلەت ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ ئۆز ئىلىگە شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلەلەيدە ـ غانلىقى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم ئومۇمىي تەۋسىيىلەردىن كېيىن، ئالىمنىڭ ياللۇاچقا قويغان ئۆلچەم تېشى تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ ئىنچىكە، زىل ۋە مۇشكۈل بولغان كونكرېت شەرت ـ لەر ئۈستىگە سۈرۈلىدۇ. ئالىم ئالدى بىلەن بىكىرىنى مۇنداق مەزمۇندا بايان قىلىدۇ:

2628 چىچەنلىك بىلەن بىلسە تۈرلۈك بىتىك،
بىتىك بىلسە ئادەم بولۇر ئۇ تىتىك.

2629 يېزىش ھەم ئوقۇش بىلسە، چۈشەنسە سۆزنى،
كىشى ئالىم قىلۇر بۇنىڭلە ئۆزنى.

يۇقىرىقى بايانلاردا يالۋاچ دۇچ كېلىدىغان مۇھىم بىر ئۆتكەل — ھەر خىل مەزمۇندىكى نامىلار ھۆججەت ۋە بىتىم قاتارلىقلارنى ئوقۇپ مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ھەر خىل مەزمۇندىكى توختامنامىلارنى جايىدا يېزىش قاتارلىقلار تەكىتلەنگەن بولسا، تۆۋەندىكى بېيىتلاردا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يالۋاچ بولغۇچى كىشىنىڭ ھەرقايسى دۆلەت تىلىنى پۇختا بىلىشى لازىملىقى مۇھىم شەرتلەر قاتارىدا تەكىتلەنگەن:

2636 پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۇن تىلى،
پۈتۈن خەتنى ئوقسۇن، پۈتۈسۇن قولى.

2666 بۇ ئەلچى ئىشىنىڭ كۆپى سۆز بولۇر،
سۆزى ياخشى بولسا تىلەگىن تاپۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى تەلىپى ئومۇمەن مەنىدىن ئالغاندا مۇنداق ئىككى مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بىرى يالۋاچنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش دائىرىسى ۋە مەجبۇرىيىتى، يەنى قاراخانىلار دەۋرىدىكى خانلىقنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن يالۋاچقا چۈشكەن بېسىم. يالۋاچ بولغۇچى كىشى ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتە ئۆز دۆلىتىنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە دۆلەت ئورگىنىنىڭ تىلى، مەقسەت - مۇددىئاسى ئۈچۈن مۇھىم ۋاستىچى، دائىرە نۇقتىسىدىن ئۇ پەقەتلا بىر خىل تىل ۋە بىر خىل ئېتىقادتىكى ئەللەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى باشقا تىل سىستېمىسىدىكى، ئوخشىمىغان ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادتىكى ئەللەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشتا، سۆزلىشىشكە ۋە ھەر خىل تېمىلاردىكى مۇنازىرىلەرنى قىلىشتا، ھەر خىل مەكتۇپ، توختامنامىلەرنى تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلار پەقەت ئۆز دۆلىتىنىڭ تىل- يېزىقى بىلەن يېزىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بىرلا دۆلەتنىڭ تىل- يېزىقىدا يېزىلىدىغان بىتىملار ھېچقانداق دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيىسىگە توغرا كەلمەيدۇ. يۇقىرىقىدەك زۆرۈرىيەت ئەلۋەتتە يالۋاچنىڭ كۆپ خىل تىل - يېزىقنى، بىلىشنى تەلەپ قىلغان. يەنە بىرى قاراخانىلارنىڭ سىياسىي ئورنىغا ۋە تەسىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت دائىرىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ جۇڭگو، كىدان، ھىندىستان ۋە ياۋروپادىكى باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەرگىچە كېڭەيگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىپلوماتىيەدە يالۋاچنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىغا ئەھمىيەت

بىرىش ئىدىيىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئالىم يالۋاچنىڭ شېئىر يازالاي-
دىغان قابىلىيىتى بولۇشى، شېئىرلارنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، يەنە ئىل-
مى نۇجۇم، تىبابەت ئىلمى، چۈش ئۆرۈش ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇشى،
ھېساپ ھەم گېئومېتىرىغا، كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىغا كامىل بولۇشى، ئۇنىڭدىن
باشقا دامكا-شاھمات ۋە چەۋگەن ئويۇنلىرىنىڭ ماھىرلىرىدىن بولۇپ قارشى تەرەپنى
چوقۇم يېڭىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئالىم مۇنداق دەپ يازىدۇ:

2631 ئوقۇپ كۆپ كىتابلار، بىلسۇن ھەر سۆزى،
چۈشەنسۇن شېئىرنى ھەم يازسۇن ئۆزى.

2632 نۇجۇم ھەم تىبابەت بىلسۇن چۈش ئۆرۈش،
ئۇدۇل كەلسۇن يەنە ئۇ ئۆرگەن چۈش.

2633 ئۇ بىلسۇن ھېساپ ھەم گېئومېتىرىنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.

2634 يەنە دامكا-شاھماتنى ئۇ بىلسۇن خوپ،
ئويۇنغا چۈشكۈچىنى ئالسۇن ئۇتۇپ.

2635 ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى، ئاتار بولسۇن ئوق،
يەنە قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق.

بۇنداق ھەر تەرەپلىمە شەرتلەرنى تەكىتلەشنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، قاراخانىلار
دۆلىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر، ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىپلوماتىيە قانۇنىيەتلىرى ئومۇمەن مەنىدىن ئالغاندا زامانى-
مىزدىكى دىپلوماتىيە مەقسەتلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، بىراق شەكىل جە-
ھەتتىن ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئۆزگىچە، ماكان چەكلىمىسى تۈپەيلى چۈشىنىش جە-
ھەتتىن سىرلىقىراق تۈس ئالاتتى، يالۋاچ ئۇچۇن ئېيتقاندا، قارشى تەرەپنىڭ تاشقى
ئىپادىسى، غەيرىي نورمال ئەھۋاللىرى ۋە ھەر خىل ھەرىكەت ھەم پائالىيەتلىرىدىكى
ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك قارشى تەرەپنى چۈشىنىشنىڭ مۇئەييەن ئىپادىسى بولسا، قارشى
تەرەپكە نىسبەتەن يالۋاچتىكى ئەمەلىي ئىقتىدار چۈشەنچە جەھەتتىن شۇ دۆلەتنىڭ
ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارىغا مەلەم جەھەتتىن ۋەكىللىك قىلىش تەسىرىگە ئىگە ئىدى.
مۇھىمى شۇكى، قەدىمكى زامانلاردىكى ئۆرۈش مەلۇم ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ئاسترونو-

١

مىيە چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولاتتى. بۇ خۇددى تۈركلەرنىڭ كېچەدىكى، ھۇجۇمنى ئاينىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ بەلگىلىشىگە ئوخشاش، بۇنى چۈشىنىش شۇ دۆلەتنىڭ ئۇرۇشتىكى ماھارىتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرەتتى. شاھمات قەدىمكى زاماندىكى ئۇرۇشلارغا تەقلىد قىلىپ ئوينىلاتتى. يالۋاچقا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ئويۇندا ئۇتۇش ياكى ئۇتتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىداردىن كۆرە، شۇ دۆلەتنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىدىكى ئۈستۈنلۈكنى نامايان قىلىپ بېرىش رولىنىمۇ ئوينايتتى، چەۋگەن ئويۇنى، ئوق ئېتىش ۋە ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق پائالىيەتلەر قەدىمكى مۇھىم ئۇرۇش ۋاسىتىلىرى ۋە ماھارەتلىرىنىڭ مۇھىم مەشق شەكلى بولۇپ، بۇ پائالىيەتلەردە كۆرسىتىلگەن يۇقىرى ماھارەت قارشى تەرەپكە قارىتا بەلگىلىك قايىللىق تۇيغۇسى قوزغىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدا يېڭىلىش كۆرۈلسە قارشى تەرەپتە «ئەلچىسىنىڭ ھالى مۇشۇ، باشقىلارنىڭ كارايىتى چاغلىق ئوخشايدۇ» دېگەندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قارشى تەرەپنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشى ۋە سەلبىي تەسىر بېرىشى تەبىئىي ئىدى. يۇقىرىقىدەك دىپلوماتىيەدە ئەڭ مۇھىم بولغان، يالۋاچنىڭ ئورۇنلىشى زۆرۈر بولغان بىر قاتار ئېغىر تەلەپلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇزۇن يىللىق دىپلوماتىيە تەجرىبىلىرى ئارقىلىق يەكۈنلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار دىپلوماتىيە ئارزۇسى بىلەن يۇغۇرۇلغان مول بىلىملىرىنىڭ ئىخچام ھالدا ئىزھار قىلىنىشىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقلىي جەھەتتىكى ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارنىڭ دىپلوماتىيەدىكى مۇھىم رولىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ قالماي، بەلكى جىسمانىي تەرەپتىكى قابىللىق ۋە كۆركەملىكىنىمۇ يالۋاچقا قويۇلىدىغان مۇھىم ئۆلچەم بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىش بىلەن ئۆز پىكىرىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

2663 بويى بولسا كۆركەم، چىرايلىق يۈزى،
كېلىشكەن ساقال-چاچ، تۇرۇقى ئۆزى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە يالۋاچنىڭ ۋەتەن خەلقىگە كويۇمچان، خاقانغا سادىق بولۇشى، گۈزەل خۇلۇقلۇق بولۇشى، قەلبى پاك بولۇشى، مىجەزى ئېغىر-بېسىق، تەپتىدە نومۇس ۋە ۋىجدان بولۇشى، شۇنداقلا زېھنىلىك، ئۇنتۇماسلىقتەك ئارتۇقچىلىقلارنىمۇ زۆرۈر ئورۇنغا قويۇپ ئىزاھلىغان. بۇ تەرەپلەر ئاپتورنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتىكى پاراسەتنىڭ دۆلەت ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە بولغان يۈكسەك تەسەۋۋۇرىنى قىممەتلىك مەزمۇنلار بىلەن تولۇقلايدۇ.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيىسىدە ئەكس ئەتكەن يۇقىرىقى ئالىي ئىستەك ۋە يۇقىرى تەلەپلەر يالغۇز يالۋاچقا قويۇلغان ئەقلىي ئىقتىدار ۋە

ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەتكە قاراپ ئەلچى تاللاش ھەققىدىكى مۇلاھىزە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە يالۋاچ ۋە ئۇنىڭ قابىلىيىتى پەزىلىتىنىڭ دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە نەزەرىيىۋى كۆرسەتمە ئىدى. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بېكىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

2667 مۇشۇنداق كىشىنى ئەگەر تاپسا خان،
ئاڭا بەرسۇن ئەلچى ئىشىنى ھامان.

2668 ئەۋەتسە بولۇر ئەلچىلىككە ئۇنى،
يىراق يات ياكى بولسۇن تۇققىنى.

ۋەتەنپەرۋەر ئالىمنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن شۇنىسى روشەنكى، يۇقىرىقى ھەممە جەريانلارنىڭ خۇلاسىسى، مەقسىتى پەقەت ۋەتەن مەنپەئەتىگە مەركەزلەشكەن. يالۋاچلىق ۋەزىپىسىنى كىم ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىپ ئىشلىيەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولسا، شۇنىڭغا تاپشۇرۇش كېرەك، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى گەرچە شېئىرىي يول بىلەن قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇ دىپلوماتىيىگە دائىر قائىدە قانۇنلارنىڭ مەنتىقىلىق بايانى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن بىر پۈتۈن سىستېما ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە شائىرنىڭ پىكىرىنى روشەن ۋە ئېنىق نەزەرىيە دەرىجىسىگە ئېلىپ بارغان. يۇقىرىقى سىستېما مەلۇم مەنىدىن يەنى ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئېتىبارىدىن ئالغاندا ئالىيجاناب تىلەك ئىدى. بۇ خىل ئۇلۇغۋار غايىۋى تىلەك يالغۇز ئوتتۇرا ئەسىردىلا ئەمەس، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن مىڭ يىل كېيىنكى بۈگۈنكى تەرەققىيات دەۋرىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم رېئال قىممەتكە ئىگە. دىپلوماتىيىنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى چۈشىنىپ يەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۆپلىگەن يالۋاچلارنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى شەرتلەرنى تولۇق ئورۇنلاپ بولالىشى ناتايىن، بۇ تەرەپتىن ئالغاندىمۇ يۇقىرىقى تىلەكلەر تارىخىي نۇقتىدىن يۈكسەك دىپلوماتىيە چۈشەنچىسىنىڭ مەھسۇلى بولۇش بىلەن ئالىم، ئۇلۇغ دىپلومات ۋە تالانتلىق دىپلوماتىيە نەزەرىيىچىسى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم تەشەببۇسى ئالىمنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت، سودا ئالماشتۇرۇشنىڭ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر بىلەن بولغان دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى ئىلمىي ھالدا بىر تەرەپ قىلىپ بېرەلىگەنلىكىدە روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، قەدىمدىن بۇيان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كارۋانلار يەنى سودىگەرلەر تەبىقىسى مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتتىكى رولى تېخىمۇ زور ئىدى. ئەينى تارىخىي دەۋردە سودىگەرلەر تەبىقىسى زىيالىيلار قاتلىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئورنى بىر قەدەر ئۈستۈن ئىدى. بولۇپمۇ خەلقئارا كارۋان يولىغا جايلاشقان ئەللەرگە نىسبەتەن سودىگەرلەر ئۆز ئېلىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە تېخىمۇ چوڭ رول ئوينايتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

4425 ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان،
قارا قاما جۈۋا كىيەتتىڭ قاچان؟

4426 توزۇتماس بولسا چاڭ قىتان كارۋىنى،
قەيەردىن كېلەتتى تۈمەن خىل ئاغى؟

4427 كېزىپ گەر سودىگەرلەر يۈرمىسىدى،
بۇ ئۈنچە تىزىقنى كىم كۆرەر ئىدى؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بېيىتلاردا تىلغا ئالغان «قاما-جۈۋا»، «تۈمەن خىل ئاغى» ۋە «ئۈنچە تىزىق» ئادەتتىكى ئۇقۇم ياكى كۆرسەتمە بولماستىن، بەلكى ئۇ مەدەنىي ئالاقىنىڭ، ئالماشتۇرۇشنىڭ مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن غايەت زور تۈرتكىسىنىڭ ئوبرازلىق رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ۋە ئىخچام تەسۋىرى ئىدى. بۇ بايانلار بىزگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەدەنىي ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا قارىتا ئىلغار دۇنيا قارىشىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، يەنە مەدەنىي ئالماشتۇرۇشنىڭ خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئوينايدىغان ھەل قىلغۇچ تەسىرىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا بەلگىلىك ياردەم بېرىدۇ.

ئالماشتۇرۇشنىڭ قىممىتىنى ئىلمىي جەھەتتىن چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ئالىم، ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى ۋە كۆۋرۈكى سودىگەرلەر تەبىقىسىنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇپ مەدھىيىلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ.

4423 شەرقتىن - غەربكە يۈرۈپ ئايلىنۇر،
تىلەگىڭ نە ئەرسە ساڭا كەلتۈرۈر.

4424 تۈمەن خىل خەزىنە، جاھان تاڭسۇقى،
ئۇلاردا بولۇر، ئى بەلىمىلىك سېخى.

يۇقىرىقى ئۇلۇغلاشلاردىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ كارۋانلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە ئايىقى ئۈزۈلمەي كېلىشىنى ئارزۇ قىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ كارۋانلارنى ياخشى كۈتۈشكە، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا چاقىردۇ. يەنە بىرى، كارۋانلارنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىر دائىرىسى نۇقتىسىدىن چە-قىپ ئۇلارنىڭ بىر ئەلنىڭ ئەھۋالىنى (مەدەنىيەت، ئەخلاق، سىياسەت، قانۇن-تۈزۈم، ئۆرپ-ئادەت ۋە باشقا مىللىي ئالاھىدىلىكلەر) يەنە بىر ئەلگە يەتكۈزۈشتىكى كۆۋرۈك-لۈك رولىنى تونۇپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش، ئۇلارنى ياخشى كۈتۈش، ئۇلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ شان شۆھرىتىنى جاھانغا يېيىشتا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

4431 شۇلاردۇر جاھانغا ئېتىڭ يايغۇچى،
ياماننۇ-ياخشىنى ھەم تارقاتقۇچى.

4436 ئاتانىماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ بەلگۈلۈك،
سودىگەرگە ياخشى نەسىپ بەرگۈلۈك.

ئەڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى دەۋردىكى رېئاللىقنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئىنچىكە كۆزىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ كارۋانلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىي ئالاقىدا ناھايىتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار يۈكسەك چۈشەنچىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئەل ئىچىدىكى ئوغرى يالغاننى تۈگىتىش، سىرتتىكى قاراقچىلارنى يوقىتىپ كارۋان-لارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشنى دۆلەتنىڭ كونكرېت قانۇن پروگراممىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىم ئۆگدۈلمىشنىڭ تىلىدىن كۈن تۇغدى ئىلىككە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ:

5546 شەھەر-كەنت ئىچىدىن ئوغرىنى ئېرىت،
كارۋانۇ-مۇساپىرنى ئىمىن يۈرت.

5547 يوقات ئەل ئىچىدە زوراۋاننى سەن،
تۈگەت يۈرت تېشىدا قاراقچىنى سەن.

5577 ئۈچۈنچى، ئىمىن قىل يۈتۈن يوللىنى،
يۇقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلىرىنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەۋسىيە قىلغان يوقىرىقى كارۋان - مۇساپىر قانۇن پروگراممىسى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ دىپلوماتىيىسىدە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك دانا تەدبىرى ئىدى. يۇقىرىقى ئىلغار پىكىر قاراخانىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئەللەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا پايدىلىق ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، دەۋرىمىز ۋە كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتى بولغان ئىجتىمائىي گۈللەندۈرۈش ھەققىدىكى XI ئەسىر ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيە چۈشەنچە سەھىپىسىدىكى قىممەتلىك يولىيورۇق ئىدى.

بىز ھازىر XX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشاۋاتىمىز. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھازىر ئىشىكنى سىرتقا كەڭرى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر ئارقىلىق چەت ئەلنىڭ ئىلغار پەن - مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى كىرگۈزۈش جۇڭگو خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تېز سۈرئەتتە يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە فاكىجىن ۋە لۇشەننى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تەرەققىيات نىشانى. دەل مۇشۇنداق زور تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرۇپ، دەۋرىمىزدىن مىڭ يىل بۇرۇن ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان سۆيۈملۈك بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۈزۈپ بەرگەن دىپلوماتىيە قانۇنى يەنى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىي ئۇتۇقلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كىرىپ خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا بۇ ئۇلۇغ ئىسلاھاتچىدىن بەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز. ئۇ كۆز ئالدىمىزدا دانا ئىسلاھاتچى، ئاتاقلىق دىپلومات، تەجرىبىلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىچىسى، يىراقنى كۆرەر ۋە مەدەنىيەت سۆيەر ئالىم سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. راس، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق جەمئىيىتىدىن ھازىرغىچە ئىنسانىيەت ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپىلارنى باستى. جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى زور دەرىجىدە ئۆستى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ مول مەزمۇنغا ئىگە دىپلوماتىيە ۋە تەرەققىيات ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ۋە قانۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ناھايىتى كۆپ دىپلوماتلار يېتىشىپ چىقىپ ياخشى نەتىجىلەر ياراتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي XI ئەسىر فېئوداللىق جەمئىيەت مۇھىتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ دەۋرىمىزگىچە ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ جەمئىيەت

تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ھەققىدىكى داھىيانە كۆرسەت-
مىسى پەقەت ئالىمنىڭ سۇبيېكتىپ تونۇشى ياكى تەسەۋۋۇرىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن،
بەلكى ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك رېئال ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن مول ئەمەلىي
تەجرىبىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالىي غايىسىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان ھەقىقەت
ئىكەنلىكىدە. يۇقىرىقى بىر قاتار بايانلاردىن كېيىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى،
XI ئەسىرنىڭ ئىنسىكلوپېدىك ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز
ئىقتىدارى ۋە مول بىلىمى ئارقىلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئەقىلگە مۇۋاپىق يورۇتۇپ
بېرىش بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان قىممەتلىك
ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىلغار دىپلوماتىيە ئىدى-
يىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ XI ئەسىر ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى. يۈسۈپ خاس
ھاجىپ داڭدار پەيلاسوپ، قانۇنشۇناس، ئەقلاقشۇناس دېگەن ئۇلۇغ سۈپەتلەر بىلەنلا
شۆھرەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە بۈيۈك ئىسلاھاتچى ۋە مەشھۇر دىپ-
لوماتىيە ئالىمى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. ئۇنىڭ دىپلوماتىيە ھەققىدىكى قىممەتلىك ئىلمى
نەزەرىيىسى جۇڭگو جۈملىدىن دۇنيا دىپلوماتىيە تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن
ئىگىلىگۈسى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنى دۇنيادىكى مۇشھۇر دىپلوماتلار قاتارىدىن ئورۇن
ئېلىشقا مۇناسىپتۇر.

---

(بېشى 130 - بەتتە)

ئۈستىگە ئالدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە مەلۇماتلىق نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى، ئىز
باسارلارنى تەربىيىلەپ، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەر-
نى قالدۇردى. پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەرىپەت مەنزىرىسىدە، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى
ۋە تالانتى بىلەن زور شۆھرەت قازاندى. ئىلىم-پەن مۇنبىرىدە «ئىلىمگە ھۆددىگاھ-
ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پىرى» ① دېگەن شانلىق نامنى ئالدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغى-
چە بۇ ئالىي ئوقۇش يۇرتىنى باشقۇرۇپ، مىلادىنىڭ 1105 - يىلى 97 يېشىدا ئالەم
بىلەن خوشلىشىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۇلۇغ نامنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈ-
تۈن ئۆمرىنى ئىلىم-پەن ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئالىيجاناب روھى ئەجدادلىرىمىزنىڭ
تارىخىدا چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇ، دۇنيا مەدەنىي-مائارىپىغا قوشقان ئۇلۇغۋار تۆھپىسى
مەڭگۈ كۆمۈلمەيدۇ.

قاراخانىلار دەۋرى ئۇيغۇرلار تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭىلىققا،
ئىلغارلىققا كۆچۈش دەۋرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار پەن-مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىقتىساد ۋە
ئىجتىمائىي جەھەتلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، ئۇيغۇر مەدە-
نىيىتى دۇنياۋى مەدەنىيەتكە ئايلانغانىدى. ئۇلارنى ئەلۋەتتە قاراخانىلار خانىدانلىقىنىڭ
مائارىپ تارىخىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

# ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ۋە سىياسىي دېموكراتىيە

## «پارتىيە گېزىتىدە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمە توغرىسىدا تارىخىي تەكشۈرۈش

**تۇڭ بىڭ**

جاۋزىياڭ 13-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا: «پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇش سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك؛ پارتىيىمىز ئىسلاھاتقا ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئىسلاھاتنىڭ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ سىنىقىدىنمۇ ئۆتۈشى كېرەك. بۇ — يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئەڭ چوڭ مەسىلە» دەپ كۆرسەتتى.

بۇ سۆز ناھايىتى تەبىئىي ھالدا «پارتىيە گېزىتىدە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىنى ئېسىمىزگە سالىدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئۆزىنى ئۆزىنىڭ ئورگان گېزىتىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەنقىد قىلىشىغا يول قويمىغانلىقى جاۋزىياڭنىڭ دوكلاتىدىكى ئاشۇ روھقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، «پارتىيە گېزىتىدە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمە 1985-يىلى چوڭ بىر زەربىگە ئۇچرىدى.

شۇ يىلى، شېنجېندىكى شېكۇ سانائەت رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى — «شېكۇ خەۋەرلىرى» گېزىتىدە، جېن مىڭنى دېگەن بىر ياشنىڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى شۇجىسىنى تەنقىد قىلغان «باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك — يولداش يۈەن گېڭغا تەكلىپ پىكىر» دېگەن بىر پارچە خېتى ئېلان قىلىندى. بۇ ئىش ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاخباراتچىلار ئارىسىدا چوڭ بىر «قۇيۇن» چىقاردى. «ياڭچېڭ كەچلىك گېزىتى»، «نۇر» گېزىتى بۇ خەتنى دەرھال بىرىنچى بەتلىرىگە كۆچۈرۈپ باستى، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى، «خەلق» گېزىتى، جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقى، مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسى ۋاقتىدا خەۋەر ئېلان قىلدى، «جەنۇب» گېزىتى ماقالا بېسىپ، بۇ خەت ئېلان قىلىنىشتىن ئاۋالقى ۋە كېيىنكى ئىشلارنى تونۇشتۇردى، شياڭگاڭدا چىقىدىغان «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتى بىلەن «داگۇڭباۋ»

گېزىتىمۇ بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى، 1986-يىلى بۇ خەت «1985-يىللىق خەتلەر ئىچىدە، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىلدە كىشىلەرنى كونا ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ، دېموكراتىك يېڭى ئىستىل تىكلەپ، ئىسلاھات يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەيدىغان ياخشى خەت» دەپ باھالىنىپ، «ئالاھىدە مۇكاپات» قا ئېرىشتى. يولداش خۇجۇېي بۇ خەتنى «ئىجادىيەت» دەپ ماختىدى، «خەلق گېزىتى» ماقالا ئېلان قىلىپ، بۇ خەتكە «شىيكۇدىكى تۇنجى قېتىملىق باھار گۈلدۈرمامىسى» دەپ باھا بەردى.

30 مىڭ ئاھالىگە، ئون نەچچە كىۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا ئىگە شىيكۇ سانائەت رايونىنىڭ تارقىلىش مىقدارى 5000 غا يەتمەيدىغان بۇ كىچىككىنە يەرلىك گېزىتى — «شىيكۇ خەۋەرلىرى» گېزىتى، ئاددىي بىر ياشنىڭ دەرىجىسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان بىر پارتىيە كادىرىنى تەنقىدلىگەن خېتىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاخباراتچىلار ئارىسىدا «قۇيۇن» چىقاردى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى، ئۇ، بولسىمۇ پارتىيىنىڭ بىر ئورگان گېزىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1-شۇجىسىنى ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئاشكارا تەنقىد قىلغان مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت.

«ئىجادىيەت»، «تۇنجى قېتىملىق باھار گۈلدۈرمامىسى» دەپ ئاتالغان شىنجېن «قۇيۇنى» نىڭ زەربە دولقۇنى تېخىچە پەسەيمىگەنىدى. 13-قۇرۇلتاينىڭ ھۆججىتىنى ئۆگىنىش يەنە بىر قېتىم كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشنە قاتتىق ئەمەل قىلىنغان «پارتىيە گېزىتىدە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە بولغان گۇمانىي قاراشلىرىنى ۋە قارشى پىكىرلىرىنى قوزغىدى.

ئەمدى، بۇ بەلگىلىمە ئۈستىدە يۈزەرەك بولسىمۇ تارىخىي ئىز بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمىز ۋە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

## 1

پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، 1950-يىل 4-ئاينىڭ 19-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «گېزىت-ژۇرناللاردا تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» نى چىقىرىپ، بارلىق ئاشكارا سورۇنلاردا، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا، بولۇپمۇ گېزىت-ژۇرناللاردا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىدە كۆرۈلگەن بارلىق خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرگە قارىتا تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى تەلەپ قىلدى. بۇ قاراردىن شۇنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مەملىكەت بويىچە غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا، پارتىيىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمى كاللىسىنى سەگەك،

كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتقان، ئۇلار ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ دېموكراتىيىنى
جارى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنى مىليونلىغان ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىدا
تۇتۇش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ قارارىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«خەلق ئاممىسىنى خىزمەتلىرىمىزدىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى گېزىت ـ ژۇر-
ناللاردا ئاشكارا تەنقىد قىلىشقا جەلپ قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىغا، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ
كادىرلىرىغا ئاشۇ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار ئۈستىدە ئۆزلىرىنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئاش-
كارا تەنقىد قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش بۈگۈنكى كۈندە گەۋدىلىك ھالدا مۇھىم
بولۇپ قالدى.. چۈنكى ھازىر چوڭ قۇرۇلۇشتىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، پارتىيىمىز مەم-
لىكەت بويىچە ھاكىمىيەتكە رەھبەرلىك قىلماقتا، خىزمەتلىرىمىزدىكى كەمچىلىك ۋە
خاتالىقلار كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ناھايىتى ئاسانلا زىيان يەتكۈزىدۇ. ۋەھالەنكى،
بىزنىڭ ھاكىمىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش ئورنىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز، رەھبەرلەرنىڭ ئاب-
رويىنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاسانلا مەغرۇرلۇق كەيپىياتى ئۆسۈپ قالىدۇ،
پارتىيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تەنقىدنى قوبۇل قىلماسلىق، تەنقىدنى بېسىش ئەھۋالى
كېلىپ چىقىدۇ. ئاشۇنداق يېڭى ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن،
پۈتۈن پارتىيە ۋە كەڭ خەلق ئارىسىدا پارتىيىمىزنىڭ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، بارلىق
ئىقتىسادىي ئورگانلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىغا قارىتا
ئاشكارا ھالدا ۋە ۋاقتىدا تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئىشىنى قانات يايدۇر-
مايدىغان بولساق، ئېغىر ھالدىكى بيۇروكراتىزىق بىلەن زەھەرلىنىپ، يېڭى جۇڭگونى
گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايمىز.»①

بىزنىڭ پارتىيىمىز سىياسىي ئەھۋالنى دەل ئاشۇنداق سەگەكلىك بىلەن مۆل-
چەرلەش داۋامىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە ئايلاندى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ بۇ
قارارىنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئاممىنى پارتىيە تەشكىلاتى خەلق خىزمەتچىلىرى
ئۈستىدىن قاتتىق نازارەت قىلىشقا قوزغىدى ۋە بۇ ئىشقا مەدەت بەردى. بۇنى پارتى-
يىنىڭ دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىشقا كىرىشكەنلىكىنىڭ بىشارىتى ھەم سىياسىنى
دېموكراتىيىلەشتۈرۈش يولىدا تاشلىغان ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە تۇنجى قەدەمى
دېيىشكە بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئېنىق بولغاچقا، نۇرغۇن جايلار ۋە تارماقلار
مەركىزىي كومىتېتنىڭ قارارىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى
تەنقىدنى كەسكىن قانات يايدۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بىراق،
بىرەر دۆلەت، بىرەر جەمئىيەت ۋە بىرەر پارتىيىنىڭ دېموكراتىيىلىشىش دەرىجىسى
ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەلۇم شەرت-
شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، جەم-
ئىيەتتە ۋە پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان فېئوداللىق ئىدېئولوگىيە زەربىگە ئۇچرىمىدى

ۋە تازىلانمىدى. بۇ ھەقتە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا» دېگەن نۇتقىدا ناھايىتى ياخشى تەھلىل يۈرگۈزدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىز 28 يىل يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىپ، فېئودالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق. ئۇ ئىنقىلابىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئۈزۈل-كېسىل بولدى، ئەمما، فېئودالىزمنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي جەھەتتىكى قالدۇق تەسىرىنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق مۆلچەرلەپ كېتەلمىگەنلىكىمىز، كېيىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالماي قالدۇق.»②

جەمئىيەتتە ۋە پارتىيە ئىچىدە خېلى كۆپ قىسىم كادىرلارنىڭ كاللىسىدا فېئودالىزمنىڭ نەرسىلىرى ساقلىنىۋاتقانلىقى، ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى، «بىرلا ئادەم سۆزلەش»، شەخسنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇش قاتارلىق ئىستىللارنىڭ يولغا قويۇلۇۋاتقانلىقى ئارقىسىدا، بيۇروكراتلىق ۋە پاترىئارخاللىق ئىدىيە يېڭى تارىخىي شارائىتتا يەنە ئۆسۈپ قالدى، بۇنداق ئەھۋالدا، بۇنداق كىشىلەرنى ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا 1950-يىلى چىقىرىلغان قارارنى ئاڭلىق ھالدا ئەستايىدىل ئىجرا قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلىش ناھايىتى تەس. ئەمەلىي ئەھۋالمۇ دەل شۇنداق بولماقتا. مەملىكەت بويىچە نۇرغۇنلىغان پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاخبارات ئورگانلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1950-يىلدىكى قارارىنى ياخشى ئىجرا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئاساسىي جەھەتتىن ئىجرا قىلمىدى.③ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات تەنقىدچىلىكى توغرىسىدا 1950-يىلى چىقارغان ھۆججەتلىرىدە كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەردىكى تەلەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئورۇنلانمىدى. ئاخبارات تەنقىدچىلىكى كەڭ، تولۇق ۋە مۇكەممەل ئېلىپ بېرىلمىدى، بەلكى قاتمۇ-قات توسالغۇلارغا ئۇچرىدى، مەملىكەت بويىچە يۈز مىليونلىغان خەلق قاتناشقان ئامىۋى نازارەتچىلىك ھەقىقىي ھالدا ئىشلەنمىدى.

## 2

يولداش ماۋزېدوڭ 1954-يىلى ئاخبارات تەنقىدچىلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس سۆھبەت ئېلان قىلىپ، گېزىت يۈزىدە تەنقىد قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىشتا «قانات يايدۇرۇش، ياخشى قىلىش، باشقۇرۇش» دېگەن ئۈچ سۆزلۈك فاڭجېننى يولغا قويۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە «قانات يايدۇرۇش دېگەنلىك تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش لازىم دېگەنلىكتۇر. تەنقىدنى قانات يايدۇرماسلىق، تەنقىد قىلىشتىن قورقۇش، تەنقىدنى بېسىش توغرا ئەمەس.» «باشقۇرۇش دېگەنلىك بۇ ئىشنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇ — تۈپ ھالقا. پارتىيە كومىتېتى باشقۇرمىسا، تەن-

قىلدىنى قانات يايدۇرغىلى بولمايدۇ، قانات يايدۇرغان تەقدىردىمۇ ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.④ ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ «ئۈچ سۆزلۈك فاڭجېن» دا ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى پائال قانات يايدۇرۇش نۇقتىلىق تەكىتلەنگەن، بۇنىڭدىكى «ياخشى قىلىش» دېگەن سۆزدىمۇ ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەزى پرىنسىپلار سۆزلەنگەن. ئۈچ ئايدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىپ، گاۋ گاڭ، راۋشۇشىلارنىڭ پارتىيىگە قارشى ھەرىكىتىنى پاش قىلدى ۋە تەنقىت قىلدى، ئارقىدىنلا يەنە گېزىتچىلىك خىزمىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بۇ ھۆججەتتە، مەركىزىي كومىتېت يەنە تەنقىدنى يولغا قويۇشتا گېزىتنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر قۇرال ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى يەنە بىر قېتىم پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن ئاخبارات خادىملىرىنىڭ ئالدىغا مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ قويدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «گېزىتچىلىك خىزمىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا قارار» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاخبارات تەنقىدچىلىكىگە دائىر پىكىرلەر پرىنسىپ جەھەتتىن توغرا بولغان. لېكىن، بۇ ھۆججەت بەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتا (پارتىيە ئىچىدە گاۋ گاڭ-راۋ شۇشى پارتىيىگە قارشى گۇرۇھى كېلىپ چىققان پەيتتە) چىقىرىلغاچقا، ئۇنىڭدا مۇقەررەر ھالدا ساقلانغىلى بولمايدىغان چەكلىمىلىك، ھەتتا بەزى ئېغىر نۇقسانلىقلارمۇ ساقلاندى. مەسىلەن، ئۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى شەرتسىز قوغداش لازىملىقى تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ دېموكراتىيە ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغانلىقى، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە بىلەن ئىتتىپاقلىقنىڭ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن خەلق ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكى ئوبدان چۈشەندۈرۈلمىگەن. ئىككىنچىدىن، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئاخبارات تەنقىدچىلىكى توغرىسىدىكى قارارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلماسلىقىدىكى سەۋەبلەر چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنمىغان؛ ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان تازا توغرا بولالماسلىق، ھەقىقىي بولالماسلىق مەسىلىلىرىگە دىققەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ تەنقىدكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى، تەنقىدنى باسقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارغا سەل قارالغان؛ بيۇروكراتلارنىڭ فېئودallıq ئىمتىيازنى يولغا قويۇپ، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى بېسىش ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جەھەتتىكى خاتالىقلىرىنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىشنى بوشاشتۇرۇۋېتىپ، ھەممە مەسئۇلىيەت ئارتۇقچە ھالدا ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە ئاخبارات خادىملىرىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇلغان. ئۈچىنچىدىن، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خەلقنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۈستىدىن ئاممىۋى نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى تەكىتلەنمىگەن، شۇنىڭ بىلەن تەنقىدنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەلققە قارىتا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ

بېرىشتىن ئىبارەت قىلىپ قويۇلغان. تۆتىنچىدىن، پارتىيە گېزىتىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىدلىگەنلىكىگە بېرىلگەن تەنقىد مۇجمەلرەك بولۇپ قالغان، يەنى بۇ ئىشنى تەھلىلى بولمىغان ھالدا قارا - قويۇقلا، پارتىيە گېزىتىنىڭ پارتىيە كومىتېتقا قارشى چىققانلىقى، پارتىيە گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ «پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغانلىقى» دەپ قاراشقا بولمايدۇ، دېيىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، «پارتىيە گېزىتىدە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىدلەشكە بولمايدۇ» دېگەن سۆز ئاخبارات خىزمىتىدە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان بىر ئەقىدىگە ۋە ئىنتىزامغا ئايلاندى ۋە ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىش بولسا، پارتىيە گېزىتى خىزمىتىدە ئاياق بېسىشقا تېخىمۇ بولمايدىغان تىلسىمات جايغا ئايلاندى.

تۆتىنچى مەسىلە توغرىسىدا بەزى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 1953 - يىلى، گۇاڭشىدا چىقىدىغان «يىشەن دېھقانلىرى» گېزىتى ئۆزىنىڭ سەھىپىسىدە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە رەھبىرى بولغان يىشەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلماقچى بولغاندا، گۇاڭشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ئوچۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چەكلىگەن ۋە بۇ ئىشنى مەركىزىي پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە مەلۇم قىلغان، مەركىزىي پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى بۇنىڭغا قوشۇلۇپ مۇنداق يوليورۇق بەرگەن: پارتىيە گېزىتىنىڭ «يوليورۇق سورىماي ئۆزى خالىغانچە پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا ياكى گېزىت ئارقىلىق پارتىيە كومىتېتى بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇلمايدۇ.»⑤

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇ يوليورۇقىدا ئىككى مەسىلە ئېنىق سۆزلەنمىگەن: بىرىنچىدىن، پارتىيە گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىر فۇنكسىيە تارمىقى ۋە خىزمەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، گېزىت ئارقىلىق پارتىيە كومىتېتى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا ھەققى يوق، ئەلۋەتتە. لېكىن، پارتىيە گېزىتىدىن باشقا سوتسىيالىستىك گېزىتلەر بولسا، پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتىگە ئوخشىمايدىغان نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيە گېزىتىنىڭ ئۆزى تەۋە پارتىيە كومىتېتى بىلەن قارشىلىشىشقا ھەققى يوق دېگەنلىك، پارتىيە. كومىتېتىنى پاكىت بويىچە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنىڭ ئەقەللىي شەرتى، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدىمۇ بۇ پرىنسىپقا رىئايە قىلىنىشى كېرەك. يوليورۇق يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئېنىق يېشىپ بەرمىگەچكە، تەنقىدنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قىممىتىنى يوقىتىپ قويدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدە يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان شۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەردىكى، پارتىيە گېزىتلا ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشتا ھو-

قوۋقسىز بولۇپ قالماستىن، بەلكى باشقا بارلىق سوتسىيالىستىك گېزىتلەرمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىش هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى؛ بەزى جايلاردا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدىغان، تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا يول قويۇلمايدىغان، تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلغىلى بولمايدىغان (ئۇلار كۆپ ھاللاردا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىدىن ئۆزىگە «يۆلەنچۈك» تاپالايدۇ.) ئەھۋال ساقلانغاچقا، پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ ھەممىسى تەنقىدتىن خالى بولۇپ كەلمەكتە.

3

1950 - يىلىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، بىر تەرەپتىن، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خەلق خىزمەتچىلىرىگە بولغان ئاممىۋى نازارەتچىلىك ئاجىزلاشتۇرۇلدى، ھەتتا پارتىيىنىڭ مەلۇم دەرىجىلىك ئورگىنىنى ئاشكارا تەنقىد قىلىشقا توغرا كەلگەندە، بۇ ئىش پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامى ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن ئوچۇق بۇيرۇق بىلەن چەكلەپ قويۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، تەنقىدنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى پەيدىنپەي خەلق ئاممىسىغا قارىتىپ قويۇلدى. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئاتالمىش تەنقىدنىڭ ئاساسىي مەقسىتى «بۇرژۇئازىيىنىڭ پارتىيە ۋە ئەمگەكچى خەلققە بولغان چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش»، «ماتېرىيالىستىك ئىدىيە تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇش» تىن ئىبارەت بولدى.⑥

بىز شۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا بۇرژۇئازىيىنى تەنقىد قىلىش، شىۋىجىڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش بويىچە پايدىلىق بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. بىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يەنە شۇنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمىزكى، بەزى ئاتالمىش «تەنقىد» ئەمەلىيەتتە سۆز بىلەن جازالايدىغان يېزىق تۇرمىسىدىن، ھەتتا يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىدىغان سىياسىي زىيانكەشلىكتىن ئىبارەت بولدى. نەتىجىدە ئۇزۇن يىل ئىچىدە، ئارقا - ئارقىدىن قايتا - قايتىلاپ تەنقىد ئېلىپ بېرىلىپ، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىڭ دىققەت - ئېتىبارى پۈتۈنلەي ئاتالمىش «سىنىپىي كۈرەش»، «ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك دىكتاتۇرا» دېگەن نىشانغا قارىتىلدى، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خەلق خىزمەتچىلىرى ئۈستىدە ئاممىۋى نازارەتچىلىك ۋە ئاشكارا تەنقىد قىلىش، ئەمەلىيەتتە، بىكار قىلىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى.

ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدىكى بۇنداق نىشانىنىڭ ئېنىق بولماسلىقىغا ۋە تەنقىد سىياسىتىدىكى نۇقسانلارغا قارىتا نۇرغۇنلىغان رەھبىرىي يولداشلار ۋە ئاخبارات خادىملىرى تەنقىد ۋە نەسىھەتلەرنى بەردى. 1951 - يىلى «ۋۇشۈننىڭ تەرجىمىھالى»

ئۇستىدە تەنقىد ئېلىپ بېرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، 6-ئايدا، شائىخەيدە چىقىدىغان
گېزىت-ژۇرناللار ماقالا ئېلان قىلىپ، «ۋۇشۇنىڭ تەرجىمىهالى» مەسىلىسىدە خاتالاش-
قان كىشىلەرگە «نەيزە بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش» سىياسىتىنى قوللانماسلىق لازىم، دەپ
كۆرسەتتى. مەملىكەت بويىچە چوڭ تەنقىد راسا ئەۋجىگە چىققان 1964-يىلى ليۇ-
شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ، پېڭ جېن قاتارلىق يولداشلار، بۇنداق تەنقىد كۆپىيىپ
كەتتى، يەنە مەملىكەت بويىچە چوڭ تەنقىد ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، كىشىلەر سۆز-
لەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇلار يەنە، تەنقىدنى
قالايمىقان ئېلىپ بېرىۋەرمەي، ۋاقتىنچە بولسىمۇ توختىتىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.
يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە كەسكىن تۈردە، بەزى كىشىلەر باشقىلارنى تەنقىدلەشكە
تايىنىپ نام چىقىرىدۇ، باشقىلارنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ تەختكە چىقىدۇ،
دەپ كۆرسەتتى. مەركەزدىكى مەلۇم بىر رەھبىرىي يولداش «خەلق» گېزىتى ۋە شىن-
خۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا يوليورۇق بېرىپ، ئىجابىي جەھەتتىن تەشۋىقات ئېلىپ
بېرىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشى ۋە كۆپرەك سالماقنى ئىگىلىشى لازىم، لېكىن قى-
يىنچىلىقلىرىمىزنى ۋە خىزمىتىمىزدىكى مەسىلىلەرنىمۇ سۆزلەش لازىم، دەپ كۆرسەتتى.
ئەمما سىياسەت ئۈستىدە گەپ قىلىشقا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۈستىدىن ئاشكارا تەنقىد
قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغان شۇ چاغدىكى ئەھۋالغا قارىتا بەزى رەھبەرىي
يولداشلار بەزى ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى بەزى تەنقىدىي ماقالىلارنى كۆپرەك
چىقىرىشقا قولايلىق بولۇش تەرىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى گېزىت-ژۇرناللارنى ئاشكارا
چىقىرىشتىن ئىچكى قىسىمدا چىقىرىشقا ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى قويغان.

ئەپسۇسكى، يولداش ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى مەركىزىي كومىتېت يېتەكچى
ئىدىيە جەھەتتە سولچىللىق خاتالىقىنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ توغرا پىكىرلەرنى
ئانچە ئاڭلاپ كەتمىدى، ئىجابىي خاراكتېردىكى ئاخبارات تەنقىدچىلىكىگە باشتىن-
ئاخىرغىچە دادىل بولالمىدى، مەركەزدە چىقىدىغان بەزى گېزىت-ژۇرناللار ئوچۇقتىن-
ئوچۇق ھالدا «ئۆتكەنكى خىزمەتلىرىمىزدە كۆرۈلگەن كەمچىلىك-خاتالىقلارنى ئاشكارى-
لاشقا بولمايدۇ» دېگەن نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاممىنىڭ تەنقىد ۋە نارازەت قى-
لىشىغا يول قويمىدى، مەركەزدىكى بەزى رەھبىرىي يولداشلارمۇ گېزىتكە يوليورۇق
بېرىپ، 1958- ۋە 1959-يىللاردىكى «5 شامال» خاتالىقىنى «ئاشكارا سۆزلەشكە
ئاشكارا تەنقىد قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى، ئەمما بۇزغۇنچىلىق خاراك-
تېرىدىكى بىر قاتار ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى يەنى ئاتالمىش «ئىنقىلابىي چوڭ تەن-
قىد» نى بولسا تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇردى.

كۆرۈنۈشتە «مەملىكەت بويىچە ئەيىپلەش ئىشلىرى ئەۋج ئالغان»، ئەمەلىيەتتە
ھەممە ئادەم سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغان سىياسىي ۋەزىيەتتە، ھەقىقىي ئىجابىي خاراك-
تېردىكى ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ۋە ئاممىۋى نارازەتچىلىك بىكار قىلىندى، خەلق

ئاممىسىنىڭ ئاخبارات تارقىتىش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ ئاممىۋى نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، بەزىلەر ھەتتا بۇ ئىشنى خەتەرلىك دەپ قاراپ، ئۆزىگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىۋېلىشنى خالىمىدى. شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ۋە جەمئىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاممىۋى نازارەتچىلىكنى بېسىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىغا زەربە بېرىشى، پارتىيىمىزدىكى ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، سىياسەت بەلگىلەشتە داۋاملىق تۈردە خاتالىشىپ تۇرۇشى، ھەتتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى پارتلىتىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر ئىنتايىن چوڭقۇر تارىخىي ساۋاق.

ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەشنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلىشى ۋە ئون يىللىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خاتا يولغا باشلىدى. ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەش ئىنتايىن ھىيلە-مىكىرلىك يوللار بىلەن يەنى «بېلىق تۇتۇش»، «يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىش» ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ئاۋال، ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان، جىگەرلىك ۋە بىلىملىك بولغان بىر تۈركۈم (كەم دېگەندىمۇ نەچچە يۈز مىڭ) كىشىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۈستىدىن، خەلقنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۈستىدىن تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشقا ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتى ئۈستىدىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىندى ۋە جەلپ قىلىندى، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا «پارتىيىگە قارشى، خەلققە قارشى، سوتسىيالىزمغا قارشى» دېگەن قالپاق كەيدۈرۈلۈپ، ھەممىسى سىياسىي سەھنىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىلدى. بۇنداق تەنقىدنى بېسىش، دېموكراتىيىنى بۇزۇش سىياسىتى پرولېتارىيات ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەنئەنىسىنى بۇزدى، سوتسىيالىستىك ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىڭ رولى ۋە ئابرويىنى يوقاتتى. ئويلاپ كۆرەيلى، ئالدىنقىلارنىڭ ئىبرىتى ئاشۇنداق تۇرسا، كونا سەنەمگە دەسسەشنى يەنە كىم خالايدۇ؟ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى ئاشكارا تەنقىد قىلىشقا يەنە كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟

ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەش يەنە شۇنداق بىر ئۈلگە تىكلەپ بەردىكى، مەلۇم بىر پارتىيە كومىتېتىنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرىنى، ھەتتا مەلۇم بىر پارتىيە كومىتېت ئەزالىرىنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرىنى تەنقىد قىلغانلىكى كىشى پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا ھۇجۇم قىلغان كىشى دەپ قارالماي قالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئوڭچىللىققا قارشى ھەرىكەت ئەمەلىيەتتە مەركىزىي پارتىيە كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 1953-يىلى چىقارغان «پارتىيە گېزىتىدە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بۇيرۇقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «پارتىيىنىڭ كادىرىنى تەنقىدقىلىش پارتىيىگە قارشى تۇرغانلىق، پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسىنى تەنقىد قىلىش پارتىيىگە قارشى تۇرغانلىق» دېگەن ئاشۇنداق بىر ئىنتايىن بىمەنە،

ئىنتايىن خاتا فورمۇلىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئون يىل داۋام قىلغان مالىمانچىلىق ئىچىدە، «ئىنقىلابىي چوڭ تەنقىد» ئاخبارات تارقىتىش قورالى بولدى. بۇنداق ئاتالمىش «ئاخبارات تەنقىدچىلىكى» خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق خىزمەتچىلىرىگە بولغان سەممىي كۆيۈنۈشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاممىۋى نازارەتچىلىك بولماستىن، بەلكى لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پارتىيىنىڭ سولچىل يېتەكچى ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپ بەرپا قىلغان ھەم پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئەدەبلەش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق تەنقىد بىر تەرەپتىن ئىنقىلابىي لۇشيەندە ۋە ماركسىزم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان كادىرلارنى «ئۇچكە قارشى ئۇنسۇر» قىلىپ قويۇپ، ئاخبارات تارقىتىش قورالى ۋە ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىڭ ئابرويىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە تۆكۈۋەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پىكىر بېرىشكە، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە ھەقىقىي تۈردە جۈرئەت قىلالىغان خەلق ئاممىسىنى جىن-شەيتان دەپ قارىلاپ، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى «ئىدىيىۋى دىكتاتۇرا» يۈرگۈزىدىغان باستۇرۇش ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ ئىككى تەرەپ مەيلى نەزەرىيە جەھەتتىن ياكى ئەمەلىيەت جەھەتتىن بولسۇن ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئەڭ زور دەرىجىدە بۇزۇپ، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئاخباراتچىلىق تارىخىدا ئەڭ رەزىل ئۈلگە يارىتىپ، ئاخبارات تەنقىدچىلىكى تارىخىدىكى ئەڭ قارا بىر بەت بولۇپ قالدى.

ئۆكتىچىلىققا قارشى كۈرەش بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قوزغىتىلىشى، دەرۋەقە، مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئاخبارات تەنقىدچىلىكىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، بولۇپمۇ ئاخبارات تارقىتىش قۇرالىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە جەمئىيەت خىزمەتچىلىرى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش ئىشىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى ئاساسەن ئاممىغا تەربىيە بېرىش ۋاستىسى دەپ قاراپ، پارتىيە كومىتېتىنى بىۋاسىتە تەنقىد قىلىشقا، بولۇپمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا، سىياسىي مەسىلە ئۈستىدە ئاشكارا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا يول قويماسلىق قاتارلىق قالاق، مۇتەئەسسىپ سىياسەت بىلەن بىۋاسىتە، زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

4

لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋە پارتىيىمىز يەنە يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى، ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ئاز-تولا ئەسلىگە كېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى سان ۋە سۈپەت جەھەت-

ئىنىمۇ تېز ئىلگىرىلىدى، بۇنىڭدىن كىشىلەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشكەن ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىپ، گۈللىنىش خاتىرجەملىك يولىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنى ۋە تاڭ نۇرىنى كۆرگەنلىكىنى ئىنكاس قىلىشتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن بۇيانقى 12 يىل، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ئەڭ ياخشى قانات يايدۇرۇلغان 12 يىل بولدى.

بىراق، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى مۇرەككەپ تارىخىي شارائىت پەيدا قىلغان ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ۋەزىيىتىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ يىللاردىكى ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىمۇ پۈتۈنلەي كۆڭۈلدىكىدەك بولدى دېگىلى بولمايدۇ.

1981-يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «گېزىت، ژۇرنال، ئاخبارات، رادىئو تەشۋىقاتىنىڭ نۆۋەتتىكى فاكچېيى توغرىسىدا قارار» چىقاردى. بۇ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامىدا، 1950-ۋە 1954-يىللىرىدىكىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ئاخبارات خىزمىتى توغرىسىدىكى 3-قېتىملىق مۇھىم ھۆججەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھۆججەتنىڭ ئۆتتىنچى قىسمىدا ئاخبارات تەنقىدچىلىكى سۆزلەنگەن بولۇپ، مۇنداق دېيىلگەن: «ناچار ئىستىللارغا قارىتا تەنقىد قىلىش، كۆرەش قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ئالدى بىلەن، 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان پارتىيىنىڭ لۇشيەنى، فاكچېيى ۋە سىياسىتىگە قارشىلىق قىلغان ياكى باشقا يول تۇتقان، ئالدىدا ھە دەپ قويۇپ، كەينىدە ئۆزى بىلگەننى قىلىدىغان ئاشۇنداق ناچار ئىستىللارغا قارشى تۇرۇش لازىم. بيۇروكراتلىق ۋە تۇرمۇشتا ئالاھىدە بولۇۋېلىش ئىستىللىرىنىمۇ تەنقىد قىلىش ۋە تۈزىتىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇنداق تەنقىد پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم». بۇ ھۆججەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى قانات يايدۇرۇشى تەشەببۇس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرىدا ئاخبارات تەنقىدچىلىكى قاتتىق تىزگىنلەندى، شۇڭا، ئاخبارات تەنقىدچىلىكى بىر مەزگىل يەنە سۇسلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ھۆججەتتىمۇ بەزى نۇقسانلار ساقلاندى، يەنى ئاساسلىقى ئاخبارات تارقىتىش قورالىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خەلق خىزمەتچىلىرى ئۈستىدىن ئاممىۋى نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئاز-تولا تىزگىنلەش لازىملىقى توپتوغرا ۋە ئېنىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى؛ ئايرىم كادىرلار بولسا ھۆججەتنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم مەسىلىنى تەنقىدنى سۇسلاشتۇرۇش، تەنقىدكە يول قويماسلىقنىڭ «تىلتۇمارى» قىلىۋېلىپ، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىگە ھەر خىل يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى.

1982-يىلى، پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا ما-

قوللانغان سىياسىي دوكلات ۋە يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىدە، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە جىددىيلىكى تەكىتلىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلۈشكە ۋە قوللاشقا توغرا كېلىدۇ. يۈكسەك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش بىزنىڭ تۈپ نىشانىمىز ۋە تۈپ ۋەزىپىمىزنىڭ بىرى.» بۇ ھۆججەتلەر ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ توغرا قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بەردى.

لېكىن، 12 يىلدىن بۇيان، 1981 - يىلدىكى ھۆججەتتىن تارتىپ 12 - قۇرۇلتايغىچە، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدىكى تۈپ خاراكتېرلىك بىر مەسىلە، يەنى 1953 - يىلى بەلگىلەنگەن، 1957 - يىلى كۈچەيتىلگەن: پارتىيە گېزىتىدە (ئەمەلىيەتتە بارلىق گېزىتتە) شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ، گېزىتتە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەن مەسىلە زادى ھەل بولماي كەلدى. بۇ مەنئى قىلىش بۇيرۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدىغان بولسا، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرغىلى بولمايدۇ، سىياسىيىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە سىياسىيىنى ئاشكارىلاشتۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن «پارتىيە گېزىتىدە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىنى بىكار قىلىش ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالىدى؟ بۇنى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي شارائىت ۋە ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى بەلگىلىگەن. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك سەۋەب بار:

بىرىنچىدىن، تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى گېزىتىنىڭ «بىۋاسىتە رەھبىرى» بولغاچقا، تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا يول قويۇلمىغان، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا ھوقۇقى بولمىغان، تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىمۇ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق «ئارقا ئىشىك قىلىپ» تەنقىدلەتمىگەن. نەتىجىدە، پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى «تەنقىدتىن خالىي» بولۇپ قالغان، پارتىيە كومىتېتىدا كەمچىلىك، خاتالىقلار كۆرۈلسە، ئۇنى تەنقىد قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان، تەنقىد قىلىدىغان ئادەممۇ بولمىغان، ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقىتىپ، پەقەت تۆۋەننىلا تەنقىد قىلىپ، يۇقىرىنى تەنقىد قىلمايدىغان، كىچىكنىلا تەنقىد قىلىپ، چوڭنى تەنقىد قىلمايدىغان بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىلغان ئاممىۋى نازارەتچىلىكنىڭ چاقىرىق كۈچى ۋە ئابرويى يوقالغان.

ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيەتتە پارتىيە كومىتېتىنىلا تەنقىد قىلىش مۇمكىن بولماي قالماستىن، پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى (بولۇپمۇ شۇجىلىرى) نىمۇ تەنقىد قىلىش مۇمكىن بولمىغان. يەنى نەزەرىيە جەھەتتىكى جەمئىيەت خىزمەتچىلىرى ئەمەلىيەت جەھەتتىكى خوجايىنلىق ئورنىدا تۇرغان. شۇنداق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك نازارەت قىلىش ئىشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقى تۈپ جەھەتتىن بېسىلغان. ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ئۇلار ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ۋە مەززىسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان، چۈنكى، ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ئۇلارنىڭ خوجايىنلىق سۈپىتىدە دېموكراتىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلالمايلا قالماي، يەنە ئۇلارغا بىر مۇنچە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، ئاخبارات تارقىتىش قورالى ئۆزىنىڭ ئاممىۋى نازارەتچىلىك بۇرچىنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىش ئۇياققا تۇرسۇن، بەلكى ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پاكىتقا خىلاپلىق قىلىپ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ۋە خەلق خىزمەتچىلىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق ماختىدى، ئىجابىي خەۋەرنى نورمىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، خەۋەرنىڭ ئومۇمىي نىسبىتىنى بۇزدى، ياخشى تەرىپىنىلا سۆزلەپ، يامان تەرىپىنى ياپتى، خۇشاللىق ئىشلارنىلا خەۋەر قىلىپ، قايغۇلۇق ئىشلارنى تىلغا ئالمىدى.

ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدىكى خىلمۇ-خىل نۇقسانلارنى يىغىش، بولۇپمۇ «پارتىيە گېزىتىدە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىنى بىكار قىلىش جەھەتتە ھازىر يەنە زور قىيىنچىلىق مەۋجۇت.

بىرىنچىدىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى ۋە كادىرلار تۈزۈمىدە نۇرغۇن نۇقسانلار مەۋجۇت. بۇ ئاساسەن بيۇروكراتلىق، ھوقۇقنى ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېلىش، ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى، كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسى جەھەتتىكى باقىۋەندىلىك ۋە ھەررەڭ-ھەر شەكىلدىكى ئىمتىيازچىلىق ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ نۇقسانلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىدا يەنە بەلگىلىك رول ئويناپ، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىڭ ساغلام ئىلگىرىلىشىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە توسقۇنلۇق قىلماقتا. بۇ جەھەتتىكى بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئاخبارات خادىملىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، پەقەت سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىلا ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى ئۈچۈن، يەنە بىر قاتار تەشكىلىي تۈزۈم ۋە خىزمەت تۈزۈمى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ خىزمىتىدە، جۈملىدىن ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك كەمچىلىك ۋە قىيىنچىلىقلار دەرۋەقە بەزى رەھبەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن تەشكىلىي تۈزۈم، خىزمەت تۈزۈمى جەھەتتىكى مەسىلىلەر تېخىمۇ مۇھىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: بۇ جە-

ھەتتىكى تۈزۈم ياخشى بولسا، بۇزۇقلار خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلالمايدۇ، تۈزۈم ياخشى بولمىسا، ياخشى ئادەملەر ياخشى ئىشنى تولۇق قىلالماي قالىدۇ، ھەتتا ئەكسى تەرەپكە مېڭىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. يولداش ماۋزېدۇڭدەك ئۇلۇغ شەخسمۇ بەزى ناچار تۈزۈملەرنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچراپ، پارتىيىگىمۇ، دۆلەتكىمۇ ئۆزىگىمۇ چوڭ پىشكەللىك تۇغدۇردى.⑦

يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ يەردە سۆزلىگەن تەشكىلىي تۈزۈم، خىزمەت تۈزۈمى، ئاساسەن، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ ستالىننىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى قاتتىق بۇزۇپ، شەخسىي مۇستەبىتلىكنى يولغا قويغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇنداق ئىشنىڭ ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكىغا ئوخشاش غەرب ئەللىرىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن.⑧ بۇ شۇنى چۈشەندۈردىكى، بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسى بۇرژۇئا قانۇنچىلىقنى ۋە كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتتە يەنىلا خېلى زور ئۈنۈمگە ئىگە. دېڭ شياۋپىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ سۆزىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئەپسۇسلىنىپ مۇنداق دېدى: ئۇ (ماۋزېدۇڭنى دېمەكچى) بۇنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىر قاتار تۈزۈملەر مەسىلىسىنى ئەمەلىيەتتە ھەل قىلمىغانلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يەنىلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئون يىللىق بالايى - ئاپەت كېلىپ چىقتى.

ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدىمۇ شۇنداق، بەزى تۈزۈملەر ساغلام، ئىلمىي بولمىسىمۇ، يەنىلا ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە ئىجرا قىلىنماقتا. مەسىلەن، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولماسلىق تۈزۈمى، ئاساسىي باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلىشقا مۇمكىن بولۇش، ھەتتا تەنقىد قىلىنغۇچى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن گېزىتكە بېسىشقا مۇمكىن بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى نەچچە ئون يىللىق ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ئەمەلىيىتى زىيانلىق ياكى بىر تەرەپلىمىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇنى ھەقىقىي ھالدا تۈزىتىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: «ھازىرقى تۈزۈمدىكى ئىللەتلەرنى قەتئىي تۈزەتمەيدىغان بولساق، ئىلگىرى كۆرۈلگەن بەزى ئېغىر مەسىلىلەر بۈگۈندىن كېيىن قايتا - قايتا كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىللەتلەرنى پىلانلىق، قەدەممۇ - قەدەم ۋە قەتئىي، ئەلتۆكۈس تۈگەتكەندىلا، خەلق بىزنىڭ رەھبەرلىكىمىزگە ئىشىنىدىغان، پارتىيىگە ۋە سوتسىيالىزمغا ئىشىنىدىغان بولىدۇ، ئىشلىرىمىز چەكسىز ئىستىقباللىق بولىدۇ.»⑨ لېكىن، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدىكى بىر قاتار سىياسەتلەرگە باھا بېرىش ۋە ئىسلاھات، ئادەملەر، بولۇپمۇ ئاخبارات ئىشىدا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىغا مۇھتاج. يېڭى تۈزۈم، يېڭى چارىلەرنى بەلگىلىگۈچىلەرمۇ كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش ۋە سىناق قىلىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق تەجرىبە ھاسىل قىلىش جەريانىغا مۇھتاج. بۇ بىزدىن تېخى-

مۇ كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ئاخبارات ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، ئاخبارات ئىسلاھاتىنىڭ ئۆزى بولسا بىر سىستېمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇ ئىسلاھاتقا دائىر بىر يۈرۈش كۆز قاراش، سىستېما، مېتود ۋە تەدبىرلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ئىسلاھاتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئاخبارات خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئورنى، ئاخبارات تارقىتىش قوراللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارى، ئاخباراتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى چەكلەش، تەڭشەش رولى قاتارلىق بىر قاتار يېڭى كۆز قاراشلارنى دەللەش، ئورنىتىش ۋە يېڭىلاش ئىشلىرىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ جەھەتتە كونترول قىلغۇچىلار، تارقاتقۇچىلار ۋە قوبۇل قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا يېڭى مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىش ۋە تەڭشەش، ئاخبارات خىزمىتىنىڭ رەھبەرلىك سىستېمىسى بىلەن باشقۇرۇش سىستېمىسى جەھەتتە بىر قاتار ئۈنۈملۈك ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىش، ئاخبارات تەنقىدچىلىكىگە دائىر مەسىلىلەرنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قانۇنچىلىق ۋە ئىنتىزام دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش ۋە رىئايە قىلىدىغان قائىدە-تۈزۈم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئاخبارات تەنقىدچىلىرى بىلەن ئاخبارات خادىملىرىنىڭ تەنقىد قىلىش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش جەھەتتىكى ھوقۇقىغا ۋە تەنقىدلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلەشكە ۋە بۇ ئىشلارغا دائىر مۇۋاپىق قائىدە-تۈزۈم ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ. قىسقىسى، ئاخبارات تەنقىدچىلىكى، ئاخبارات ئىسلاھاتى، ئاخبارات ئىشلىرى ئىسلاھاتى پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەن، بولۇپمۇ دېموكراتىيە جەھەتتە چوڭ بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلگەن زەپەر مارشى ئىچىدە چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا باسالايدۇ. لېكىن شۇنىمۇ بىلىمىزكى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت چوڭ سىستېما قۇرۇلۇشى بىلەن ئاخبارات ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت كىچىك سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن، ۋاقىت سەرپ قىلىشقا، جاپالىق ئىشلەشكە، تىرىشىپ ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئۈچ جەھەتتىكى تەھلىلىمىزدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، خىلمۇ-خىل توسالغۇلارنى يەڭگەندىلا، ئاندىن ئاخبارات تەنقىدچىلىكىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ، «پارتىيە گېزىتىدە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش جەريانىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بىكار قىلغىلى بولىدۇ. بىز بۇ قىيىنچىلىقلارنى تولۇق تونۇشىمىز، ئەمما قىيىنچىلىق ئالدىدا چېكىنىپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئىسلاھات ۋە دېموك-

راتىيە ھەم كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل مايىللىقى، ھەم پارتىيە بەلگىلىگەن فاڭجېن، پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن نىشان. بىز بىر تەرەپتىن، ئىسلاھات جەريانىدا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشىمىز ۋە ياخشىلىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ھېچنىمىدىن قورقماي، ئاخبارات خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم، شۇ چاغدىلا ئاندىن ئاخبارات تەنقىدچىلىكىدە چوقۇم يېڭى بۇرۇلۇش، يېڭى ئىلگىرىلەش بارلىققا كېلىدۇ! ئاخبارات خىزمىتى چوقۇم مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسىنىڭ ئالغا سىلجىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشىدۇ!

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «بىزنىڭ تۈزۈمىمىز كۈندىن كۈنگە مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ، ئۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ئىلغار ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى تۈزۈم بولۇپ قالىدۇ.»⑩ ئاشۇنداق كۈننىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارزۇيۇمنى بىلدۈرۈپ، ماقالامنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمەن.

## ئىزاھاتلار

① «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە دائىر ھۆججەتلىرى توپلىمى» (2 - توم)، خەنزۇچە 5 - بەت.

② «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا»، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 509 - بەت.

③ 1954 - يىلىدىكى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ گېزىت خىزمىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارارى» نىڭ 3 - قىسمى - 1950—1954 - يىللاردىكى ئاخبارات تەنقىدچىلىكى ئەھۋالىغا باھا، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە دائىر ھۆججەتلىرى توپلىمى» (2 - توم)، خەنزۇچە 323 - بەت.

④ 1954 - يىلى 4 - ئايدا، ماۋزېدۇڭنىڭ خۇچياۋمۇ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن قىلغان سۆھبىتى، «ماۋزېدۇڭنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە دائىر ماقالىلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە 177 - بەت.

⑤ «مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ، پارتىيە گېزىتىدە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا گۇاڭشى ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە بەرگەن يوليورۇقى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە دائىر ھۆججەتلىرى توپلىمى» (2 - توم)، خەنزۇچە 279 - بەت.

⑥ تەكىتلەش بەلگىسىنى ئاپتور قوشقان.

⑦⑧⑨⑩ «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا»، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 494 - بەتتىن 513 - بەتكىچە.

«جۇڭگو خەلق داشۆسى ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 1988 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى.

قەيۇم قۇربان تەرجىمىسى

# قارا خانىلار خاندانلىقىنىڭ مائارىپ تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش

## مۇختەبەر

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخى جەريانىدا مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان مەدەنىيەتلىك مىللەت. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇنداقلا ئۆز ھاياتىدىكى مەدەنىي-مائارىپ تارىخىدا ئۇ، زاۋاللىق بىلەن نىجاتلىق، چېكىنىش بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، نادانلىق بىلەن مەرىپەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشلەردە گۈللەنگەن دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەنىدى. قاراخانىلار دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ئەڭ تەرەققىي قىلغان دەۋرى بولۇپ بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدا تۇرغانىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئىگىلىگەن بولۇپ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا ئومۇملىشىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ شۇ دەۋردە دۇنيادا ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت سانالغان ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قاراخانىلار خاندانلىقى مەدەنىيىتى دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەت قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، قاراخانىلار مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقى شۇ دەۋردىكى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئەلۋەتتە.

مائارىپ تارىخى-ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى تارىخىنىڭ ئىلمىي ئاساسىدا شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈستىدە توپلىغان مول تارىخىي بىلىملىرىنى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلىش جەريانىدىكى ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى، قەدىمكى مائارىپتىن يېڭى مائارىپقا قاراپ راۋاجلىنىش تەبىئىي ھالدا ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈنىلىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نەتىجىدە مائارىپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشتىن تاشقىرى، ئىدىيەۋى ئەخلاق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا تارىختى-

كى بارلىق مۇۋاپپەقىيەتلەر ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار مائارىپ بىلىمى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن بىلىش خەزىنىسىنى ھاسىل قىلىپ، يېزىق شەكلىدە قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭ مائارىپى ـ ئورخۇن، شامان ۋە مانى دەۋرى ئارقىلىق ئىدىقۇت دەۋرى بىلەن بۇددىزم دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسلام مائارىپىغا ئۆزگىرىپ، بىر قەدەر راۋاجلانغان مەزگىلى بولدى.

تارىختا ئىسلام دىنى ـ بارلىق شەيئىلەرگە ئوخشاش جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە، ئەڭ ئالدى بىلەن مىلادىنىڭ VII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ جاكالانغاندىن كېيىن، تەدرىجىي دىنىي ئۇرۇشلارنىڭ غەلىبىسىگە ئەگىشىپ، غەربىي ئاسىيادا باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. شۇندىن كېيىن شەرققە قاراپ تارقىلىپ، خەلىپە ئۆمەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرىگە كەلگەندە ئىران، ئىراق، مىسىر، سۈرىيە ۋە پەلەستىن قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيدى. VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئاندىن جەنۇبىي تارىم ۋادىسىنىڭ گۈزەل شەھىرى بولغان قەشقەرگە تارقالدى.

ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. لېكىن بۇ مەزگىلدە قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىلار خاندانلىقى تېخى ئىسلام دىنىنى رەسمىي تۈردە قوبۇل قىلمىغان بولۇپ بۇددا ۋە مانى دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شۇڭا قاراخانىلار تەۋەلىكىدە ئىسلام دىنى بىر مەزگىل يوشۇرۇن ھالدا تارقالدى. لېكىن ماۋرائۇننەھردە قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتى «سامانىلار» خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئىچىدە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بەرگەندە چەتلەشتۈرۈلگەن خان شاھزادىسى ئەبۇناسىر سامانى سودىگەرچىلىك بىلەن پانا ئىزلەپ قەشقەرگە كېلىپ ئاتۇشتا تۇرغاندا، قاراخانىلار جەمەتى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردا خانزادىلىرى ئىچىدىن شاھزادە سۇتۇق تېكىن مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ھەم ئۆزىگە مۇسۇلمانچە «ئابدۇلكەرىم» دېگەن ئىسىمنى قويدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، شاھزادە سۇتۇق تېكىن ئۆز ئەتراپىدىكى قەۋمنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا يېنىغا تارتىپ، بىرنەچچە ئاي ئىچىدە مىڭلىغان پۇقرالارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنى تەشكىللەپ، يوشۇرۇن ھالدا تۇيۇقسىز خان ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئوغۇلچاقنى مەغلۇپ قىلىپ، ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى. ئاندىن ئۆزىنى ئەجدادلىرىغا ئوخشاش «سۇتۇق بۇغراخان» دەپ جاكالىدى. شۇنىڭدىن

كېيىن قەشقەرنى مەركەز قىلدى.

بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ تەۋەلىكىدە ـ قاراخانىلار خانلىقى، خوتەن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ـ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ فېئودال خانلىق مەۋجۇت ئىدى.

X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قاراخانىلار ئۆز زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن تېررىتورىيىسى ئىلگىرىكىدىن كېڭىيىپ، شەرقتە بۈگۈردىن تارتىپ، غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ، جەنۇبتا قارا قۇرۇم، كۇئېنلۇن تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالدى، بۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقى ئۆز دائىرىسىدىكى بۇ كەڭ ماكاننى ئونۇملۇك تۈردە باشقۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزىي خاقانىيەدىن باشقا شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنى ئىككى چوڭ رايونغا ئاجرىتىپ، خاندانلىققا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىدىغان «ئىلىك خان» تۇرغۇزدى.

ئىلىك خانلار قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بولغان «بۇغراخان» لار جەمەتى ئىچىدىن بەلگىلەنگەن يەرلىك خانلار بولۇپ «ئىلىك خان» ئۇنۋانى بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى. لېكىن، ئىلىك خانلار چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئالدى بىلەن بۇغراخاننىڭ تەستىقى ياكى يوليورۇقىنى ئالاتتى. ئىشتىن كېيىن خانغا دوكلات قىلاتتى، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا خاندانلىققا مەلۇم مىقداردا باج ـ سېلىق تۆلەپ تۇراتتى. خاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە يەرلىكتىن ئەسكەر چىقىرىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ئۆز دائىرىسىدىكى ئادەتتىكى ئىشلارنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلاتتى. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تامغىسى بولاتتى. ئۇلارنىڭ كەمچەن (ئۆلچەم) بېكىتىش، ئەسكەر تۇرغۇزۇش، پۇل چىقىرىش، قانۇن ـ ئىنتىزاملارنى بەلگىلەش ئىشلىرىغا يول قويۇلاتتى. يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا بەگ، ئەمىرلەرنى بەلگىلەش، يېزا ـ قىشلاقلارغا يېزا ئاقساقىلى تەيىنلەش ھوقۇقى بولاتتى. مالىيە ـ ئىقتىسادىنى ئۆزلىرى باشقۇراتتى. قوشنا خانلىقلار بىلەن سودا، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى ئورنىتىش، ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىش، چەتتىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان ئىختىلاپلارنى ئۆزئارا سۆلھ قىلىش بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، ياكى بولمىسا قورال كۈچى بىلەن ئۆز زېمىنىنى قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن ئىلىك خانلار ئوتتۇرىسىدا دائىم چاپارمەنلەر يۈرۈپ تۇراتتى. چېگرا ئەترابلىرىغا قاراۋۇل قويۇلۇپ، قاتناش ئىشلىرى قولايسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئەھۋال تۇغۇلسا، كېچىسى ئوت يېقىش، كۈندۈزلىرى بايراق چىقىرىش بىلەن ئالاقە باغلاش ئىشلىرى يولغا قويۇلغان ئىدى.

ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە تەرتىپكە چۈشۈپ، خاندانلىقتا ئىشلىگۈچى خادىملارنى ئىشقا تەيىنلەش، خىزمىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە بەلگىلىك شەرتلەر قويۇلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن تۆھ-

پىسىگە قاراپ ئۇنىۋان ياكى مۇكاپاتلار بېرىلەتتى. ئۆتكۈزگەن قىلمىشىغا قاراپ قاتتىق جازالىناتتى. قوشۇن ئىچىدە قاتتىق ئىنتىزام بولۇپ، ئىختىيارى ھەرىكەت قىلىشقا يول قويۇلمايتتى. شەھەر ئىچىگە رۇخسەتسىز كىرىشكە، پۇقرالار بىلەن ئارىلىشىشقا، ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ھەتتا «ناسىرخان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان لەشكەرلەرنىڭ پەقەت قىش كۈنلىرى بۇخارا شەھەر ئەتراپىغا كېلىپ قىشنى چىقىرىشىغا رۇخسەت قىلغان ھەم ئەسكەرلەرنىڭ چېدىرىدىن چىقىشىنى قاتتىق چەكلەپ، پۇقرالارنى پاراكەندى قىلىشقا يول قويمىغان»① ئىدى. ھەر بىر قوشۇننىڭ ئىسمىلىكىنى تۇرغۇزۇپ، بېرىلىدىغان تەمىناتنى يېزىپ تۇرىدىغان «ئاي بىتىك» دەپتىرىنى يولغا قويغانىدى. شۇڭا، ئۇلار تاسادىپىي يىغىلىپ قالغان كىشىلەر توپى بولماستىن، بەلكى ھەربىي تەرتىپ بويىچە مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلغان قوشۇن ئىدى.

بۇ مەزگىلدە، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇشى بىلەن قالماي، بەلكى مۇقەررەر ھالدا ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ دېھقانچىلىق يېزىلىرى بىلەن چارۋىچىلىق قىشلاقلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تەكشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى رايونلىرى تەرەققىي تاپقان فېئوداللىق جەمئىيەت بولسا، بەزى رايونلىرى تېخى ئەمدىلا سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ رايونلار تېخى ئۇرۇقداشلىق-قەبىلە تۈزۈمىنىڭ بىرمۇنچە قالدۇقلىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ ۋاقىتتا بۇددا دىنى زور تەسىرگە ئىگە ئىدى.

قاراخانىلار خانى سۇتۇق بۇغراخان مىلادىنىڭ 955-يىلى ئاتۇشتا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلانخان تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاتىسىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇ، پۈتۈن خانلىقنى ئىسلاملاشتۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا، بالاساغۇن، سۇياپ ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قارلۇقلار، ياغما ۋە ئوغۇز قەبىلىلىرىنى، شۇنىڭدەك كۆچمەن تۈركلەردىن 200 مىڭ ئۆيلۈكنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن شىمالدىكى ئۇقراق، توخسى تۈرك قەبىلىلىرى ئېسيان كۆتۈرۈپ، قاراخانىلار خاندانلىقىغا قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن تارىم ۋادىسىدا بويسۇندۇرۇش-قارشىلىق كۆرسىتىش ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي كۈرەش ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋاملاشتى.

پەقەت مۇسا ئارسلان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلىغاندىن تارتىپ، ئىنسانلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم تۈركىي خەلقلەرنىڭ «ئىسلام خاندانلىقى» تارىخى باشلاندى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن خانلار ئىچىدە مۇسا ئارسلانخان ئەڭ بىلىملىك

① «قاراخانىلار خاندانلىقى تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 133-بەت

سىياسەتچىلەردىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنلا، خانلىقنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەر بىلەن بالاساغۇندا، ئەڭ ئالدى بىلەن خانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئاندىن يېڭى چېگرا رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى.

بۇ جەرياندا، ئەتراپتىكى بىرقانچە ئۇششاق خانلىقلاردىن بويسۇندۇرۇپ، نۇرغۇن ئاھالىلارنى ئۆزىگە قېتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن خاندانلىقنىڭ مىللىي تەركىبىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىر گەۋدە بولۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى.

لېكىن، قاراخانىلار خاندانلىق تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇددىزم ۋە مانىخېزم ئاساسىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىي مائارىپتا غايەت زور چېكىنىشتەك ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. بولۇپمۇ ئەسلىدىكى دىنلارنىڭ تەسىرى بىلەن بارلىققا كەلگەن مەدەنىي-مائارىپ چەكلىمىگە ئۇچرىدى ياكى ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە ئىسلاھ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى مەدەنىي-مائارىپقا قارشى ئىسلام مەدەنىي-مائارىپى مەيدانغا كەلدى. نەتىجىدە باشقا دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تەسىرىنى تارىم ۋادىسىدىن سىقىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ يادىكارلىقلىرىنى ۋەيران قىلىپ، تارىخىي ئەنئەنىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىسلام مەدەنىي-مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەردى.

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي تەرەققىياتىدا بىر مۇھىم يېڭى دەۋرنى شەكىللەندۈردى. ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ فېئوداللىشىشىنى ئورۇنداپ، مەدەنىي-مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ پەلسەپە، لوگىكا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى مەنزىرىلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا پورەكلەپ ئېچىلغان قاراخانىلار دەۋرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆز دەۋرىگە لايىق ئىلىم-پەن ۋە مەرىپەت ئوچىقى بولغان دىنىي مەكتەپلەر بىلەن مەدرىسىلەر قۇرۇلۇپ، بۇددىزمنىڭ ئىبادەتخانىلىرى يېڭىدىن بىخ ئۇرۇپ چىققان ئىسلام دىنى مەرىپەت بىلىم يۇرتلىرىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇلۇپ «ئىسلام مائارىپى» شەكىللەندى. بۇ ۋاقىتتىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنسى، ياش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىم

سەۋىيىسى بىلەن ئانچە ھېسابلاشمايتتى. تەكرارلاش ۋە يادلاشنى ئاساس قىلاتتى.

يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار قىش كۈنلىرى پاخال ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ياز كۈنلىرى بورا ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئوقۇيتتى. ئۈستەلمۇ-دوسكىمۇ كېرەك قىلمايتتى. ئوقۇغۇچىلار دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بىرقانچە ساۋاقنى ئېغىزچە يادقا ئېلىشى كېرەك ئىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خەلپەتلەر تەرىپىدىن ئەرەبچە ھەرپلەرنى ئوقۇتۇش باشلىناتتى. بۇ ۋاقىتتا ھەرقايسى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تەييارلاپ كەلگەن كىچىك نېپىز ياغاچ تاختايلىرىغا ئەرەبچە ھەرپلەرنى بىر-بىرلەپ يېزىپ ئۆگىنەتتى. بىرىنى يادلاپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچىسىگە ئۆتەتتى، شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ھەرپنى تونۇپ بولغاندا، ئاندىن خەلپەتلەر قومۇش قەلەم بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاختايلىرىغا قۇرئاننىڭ كىچىك سۈرىلىرىدىن بىرەرسىنى يېزىپ بېرەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ، باللار بىرنەچچە سۈرىلەرنى ھەجىلەپ ئوقۇيالايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە ھەپتىيەككە كۆچەتتى. بۇ باسقۇچتا ئوقۇغۇچىلار قۇرئاننىڭ بىر قىسىم سۈرە ئايەتلىرىنى راۋان ئوقۇيالايدىغان سەۋىيىگە يېتەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇرئانغا چىقاتتى. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلاردىن قۇرئاندىن سۈرىلەرنى تونۇپ ئوقۇش بىلەن بىرگە، قىرائەت قىلىشنى ئىگىلەش تەلەپ قىلىناتتى. نۇرغۇن قېتىم خەتمىگە قاتنىشىپ، سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەھۋالغا قاراپ دىنىي ئۇنۋان بېرىلەتتى. بۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ خاراكتېرىدىكى دىنىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ياكى ئالىي مەكتەپ دەرىجىلىك «مەدرىس» لەرگە كىرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇراتتى. بۇنداق مەدرىسلەردە ئوقۇغۇچىلار «تالىپ»، ئوقۇتقۇچىلار «مۇدەررىس» دېيىلەتتى. ئوقۇلىدىغان دەرسلەردىمۇ ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئەرەب-پارس ئەدەبىياتىنى بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىسلام قانۇنلىرىنى شەرھلەش، يۇنان پەلسەپىلىرىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن تىلشۇناسلىق، تىبابەتچىلىك، ماتېماتىكا، گراممىاتىكا، لوگىكا، مۇزىكا، تەبىئەت ئىلىملىرىگىچە ئوقۇلاتتى.

لېكىن بۇ چاغدا ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئۆز ئانا تىلىدا بولمىغاچقا تالىپلار دەرسنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنەلمەي ئاۋارە بولاتتى. بىراق قۇرئاننى ئەرەبچە ئوقۇش شەرت قىلىنغاچقا، دىنىي ئېتىقاد يۈزىسىدىنلا بېرىلىپ ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى ئوخشاش بولمايتتى. شۇڭا ھەربىر تالىپ مۇدەررىسلىرىنىڭ ئالدىغا بىر-بىرلەپ يالغۇز بېرىپ ئالدىنقى كۈندىكى دەرسنى تەكرارلاپ ئوقۇپ، ئاندىن يېڭى دەرس ئالاتتى. تولۇق ئۆزلەشتۈرەلمىگەن بولسا تەنقىد ياكى تەن جازاسىدىن «پالاق» ئۇرۇش ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، قايتا پۇختا تەييارلاش تاپشۇرۇلۇپ، خەلپەت يەنە ئۆگىتەتتى.

بۇنداق ئالىي بىلىم يۇرتى شەكلىدىكى مەدرىسلەردە، ھەربىر مۇدەررىس ئۈچۈن

تەييارلانغان مەخسۇس بىر دەرسخانا بولۇپ، تالىپلار نۆۋەت بىلەن كىرىپ، هالقا شەكلىدە دائىرە بولۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دەرس ئالاتتى. قايتقاندىن كېيىن ئۆز «ھۇجرا» لىرىدا تەكرارلايتتى. ھەربىر مۇدەررىس ئۆز ئىلكىدىكى تالىپلارنى باشقۇراتتى. تالىپلىرى كۆپرەك بولغانلىرى دەرس ئۆزلەشتۈرۈشنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى سەۋىيىسى باشقىلاردىن ئۈستۈنرەك، يېشى ھەم باشقىلاردىن چوڭراق تالىپلاردىن بىرسىنى ساۋاقداشلىرىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە بەلگىلەيتتى. ئۇلارنى «ياردەمچى ساھىب» دەپ ئاتايتتى، شۇنىڭ بىلەن ساھىبلارنىڭ باشقۇرۇشىدا، تالىپلار كۈن بويى ھۇجرىلىرىدا ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلايتتى. تالىپلار بىرەر زۆرۈريەت بىلەن سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلسە، «ئەدەب» دەپ سورىشى كېرەك ئىدى. رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇدەررىسلەر تەرىپىدىن تەييارلاپ قويۇلغان سىرتقا چىقىش «تاختىيىنى» ئېلىپ چىقىپ، قايتقاندا جايىغا ئېسىپ قوياتتى. تاختا قايتىپ كىرمىگەن بولسا كۈتۈپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرسى قايتىپ كىرگەندە ئىككىنچىسى چىقىشقا بولاتتى. قالايمىقان چىقىپ-كىرىش چەكلىنەتتى. كەچتە مۇدەررىسلەر رۇخسەت قىلغاندىلا ئاندىن ئائىلىسىگە قايتىشقا بولاتتى. ياكى دەم ئېلىشقا يول قويۇلاتتى.

كۆپلىگەن مەدرىسلەردە، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن ياكى باشقا رايون، شەھەرلەردىن كەلگەن تالىپلار ھۇجرىدا قونۇپ ئوقۇيتتى. تاماقلىرىنى ئۆزلىرى ئېتىپ يەيتتى. ۋەخپە يەرلىرى بار مەدرىسلەر جۇغلانغان كىرىمدىن تالىپلارغا مەلۇم مىقداردا ئاشلىق بۆلۈپ بېرىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە ئاساسلىق تالىپلار پۈتۈنلەي ئۆزلىرىگە يۆلىنىپ ئوقۇيتتى. شۇنداقلا، بۇنداق دىنىي مەكتەپ، مەدرىسلەرنىڭ خەلپەتلىرى، مۇدەررىسلىرى ئومۇمەن ئوقۇغۇچى، تالىپلارنىڭ تەقدىم قىلغان نەرسىلىرى بىلەن تەمىنلىنەتتى. كۆپىنچە ئۇلار بىرەر دەرسلىكنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، ياكى ئىككىنچى دەرسلىكنى باشلىغان چاغدا، بىلىم دەرىجىسىگە قاراپ پۇل ياكى كىيىملىك تەقدىم قىلاتتى. ھېيت-بايرام كۈنلىرى ئۆزلىرى تاپالىغان ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلەرنى ياكى باشقا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئايرىم ھەق بېرىلمەيتتى. پەقەت ئۇلار «بەيشەنبىلىك» كە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ۋەخپە يەرلىرى بار بەزى مەدرىسلەر ئۆزىنىڭ كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى بۆلۈپ بېرەتتى. «قەشقەردىكى 15 مەدرىسنىڭ ۋەخپە كىرىمى 130 مىڭ چارەك ئاشلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇدەررىسلەرگە ئىش ھەققى»① ھېسابىدا ئاشلىق تەقسىم قىلىپ بېرەتتى.

بۇ ۋاقىتتا قۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان دىنىي مەكتەپ، مەدرىسلەرنىڭ بىر قىسمى يېڭىلىققا تەلپۈنگۈچى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر تەرىپىدىن ياكى بايلار تەرىپىدىن پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ بىلىملىك قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىقتىسادلىرى بىلەن سېلىنغانىدى.

① «قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى 11 - بەت.

قالغانلىرى مەسچىت قارمىقىدىكى ۋەخپە يەرلەرگە مەھەللە خەلقلىرى تەرىپىدىن سېلىنغانىدى. لېكىن ئۇلار پۈتكەندىن كېيىن، ئۆز تەۋەلىكىدىن فېئودال ئاخۇنلار، باي سودىگەرلەر ئىگىدارچىلىق قىلىپ باشقۇراتتى. يەنە تەر تۆككەن كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى ئۆزلىرىدىن ئېشىنالمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇيالمايتتى. پەقەت كۆپچىلىكنىڭ ئىشىك، پەنجىر يۇچۇقلىرىدىن ياكى مال بېقىپ يۈرۈپ ئاڭلىغانلىرىدىن ئۆزلىرى ئۆگەنگەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەھەللەۋى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان دەسلەپكى دىنىي مەكتەپلەر خانىدانلىق تەۋەسىدىكى ياش غۇنچىلارنىڭ ئەرەبچە ساۋادىنى چىقىرىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغانىدى. دىنىي تەبىقىلەرنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا، «ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن ئەرەب يېزىقى ۋە تىلىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا تېز تارقالدى. بۇنىڭ بىلەن قۇرئاندىن باشقا ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ھەر-خىل كىتابلارنى ئوقۇش ھەمدە ئۇلاردىن خىلمۇ-خىل بىلىمەرنى ئېلىش»① كەڭ يولغا قويۇلدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مەدرىسلەر شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرى بىلەن بىرگە، دۇنياۋى ئىلىملەرنىمۇ تارقىتىش ئوچىقى بولۇپ قالدى.

ئىسلام مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئارقىسىدا «ئىسلام دىنىي تەسىرىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئۇزاق ئۆتمەي قاراخانىلار خاندانلىقى ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەدرىجىي ئەمەلدىن قېلىشقا يۈزلەندى. X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەرەب يېزىقى پۈتكۈل قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدە ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلاپ، XV ئەسىرگە كەلگەندە «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا ئۇستۇن ئورۇننى ئىگىلەپ، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەن بىردىن بىر يېزىققا ئايلاندى»②

دېمەك، شىنجاڭ خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق مەدەنىي-مائارىپ تارىخى تەرەققىياتىدا، ئۆز يېزىقىدىن باشقا «26 خىل يېزىق»③ نى قوللانغانىدى. ئۇلار قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن دىنىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ مەجبۇرلىشىدىن بەزى يېزىقلارنى قوبۇل قىلغان ھەم ئۇ يېزىقلاردا كۆپلىگەن ئۆچمەس تارىخىي مىراسلارنى يېزىپ قالدۇرغانىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئەرەب تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش تەشەببۇس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كەڭ خەلق ئاممىسى قاراخانىلار جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا تۈرك تىلى بىلەن ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى تۈر-

① «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى 168 - بەت.
② «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 24 - بەت.
③ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ئۇيغۇرچە نەشرى 106 - بەت

كىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن تېرەن تەپەككۇر، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئەدەبىي تىلى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، «تۈرك تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك تەڭ چېپىپ»① ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايىش قىلدى.

دېمەك، قاراخانىلار ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان مەزگىللەردە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان «قەشقەر تىلى» ئۆزىنىڭ گۈزەل تىل بايلىقى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىم-پەن تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق تۈركىي خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ زامانىدىشى بولغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق مەرىپەت ئىگىلىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشلىرىنى، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش پائالىيەتلىرىنى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق يورۇتۇپ، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان مەشھۇر «شاھ» ئەسەرلىرىنى يارىتىشىنىڭ قىممەتلىك تىل ئاساسى بولۇپ قالدى.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە، تېررىتورىيىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە يۈكسۈلۈشلەر بارلىققا كەلدى. ئىلگىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن قەبىلىلەر تەدرىجىي ھالدا شەھەر، يېزا-قىشلاقلاردا ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە يەرلىك سانائەت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا-قىشلاقلار بىلەن كۆچمەن چارۋا رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا تاۋار ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ كەڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە، سانائەت شەھەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، قاتناش يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشى، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرتىپكە چۈشۈشى خاندانلىقنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاۋات شەھەرلەر مەركەزلىكىدىكى فېئوداللىق ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى.

دېھقانچىلىقتا - ئېرىق ئۆستەڭلەر ئارقىلىق سۇغۇرۇش، كارىز سۈيىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق تۇپراقنى ياخشىلاش، يەر شورلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زىرائەتلەرگە چۈشىدىغان «پىت» تىن ساقلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخنىكىۋى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا باشلىدى. باغۋەنچىلىكمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشى نەتىجىسىدە ئۇن تارتىدىغان تۈگمەنلەر، ياغ چىقىرىدىغان جۇۋازلار كەڭ يولغا قويۇلدى.

ھۈنەر-كەسىپ جەھەتتە، ئېسىل يىپەك، يۇڭ، پاختا، كەندىر توقۇلمىلىرىدىن

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىرىنچى توم ئۇيغۇرچە نەشرى 5 - 6 - بەتلەر

كىمخاپ، مەشۇت، شايى - ئەتلەسلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى زور، تۈرى كۆپ، سۈپىتىمۇ ياخشى بولدى. قاش تېشىدىن ياسالغان ياكى ئالتۇندىن بېزەلگەن ئاياللار-نىڭ گۈزەل زىننەت بۇيۇملىرى، ئالتۇن ئوقدان، كەمەر - ساۋۇتلىرى، ئالتۇن ئىگەر-جابدۇقلىرىنىڭ داڭقى چىقتى. خىمىيىۋى بىرىكمىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىلمىي ئاساستا پولات ماتېرىياللىرىدىن ياسالغان سانائەت ئۈسكۈنىلىرى، ئىنتايىن نەپىس ياسال-غان رەڭلىك پار - پۇر ئەينەك «داستىخان قاچا - قۇمۇچلىرى»① پۈدەش ئۇسۇلى بى-لەن نېپىز ئەينەك تاللىرىدا تۈرلۈك زىننەت گۈللىرىنى چىقىرىشتىن تاشقىرى، گۈزەل مەنزىرە، قۇش - ھايۋانلار بىلەن چەۋەندازلارنىڭ شوخ سۈرەتلىرى، ئەرەبچە ھېكمەت-لىك سۆزلەر، قول بىلەن قاپارتما نەقىشلەر سىيلىنغان ئۆي جاھازلىرى تېخنىكا جە-ھەتتە ناھايىتى زور ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسەتسە، ئۇنىڭ «... شەكلىنىڭ ئۆلچەملەش-تۈرۈلۈشى، ئۈنۈملۈك بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپلەپ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەپچى-قىرىلىشى ئىستېمالچىلارغا قارىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ»② ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەرگە تۈس كىرگۈزۈپ تۇرغان رەڭسىز دېرىزە - پەنجىرە ئەينەكلىرى ئەينى مەزگىلدىكى يېڭى كەشپىيات بولۇپ، شۇ چاغدىكى تۇرار - جاي شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىغا-نىدى. رەڭلىرى ناھايىتى ماسلاشتۇرۇلغان كۆركەم ھەم نەپىس سىرلىق ساپال قاچىلار، يېرىمىغا ياكى پۈتۈنلەي گۈل چۈشۈرۈلگەن ئىدىشلار ھەرقايسى شەھەرلەردىلا ئەمەس بەلكى بەزى چەت - ياقا رايونلاردىمۇ ئىشلىتىلگەنىدى.

بۇ ۋاقىتتا، كان ئېچىش ۋە مېتال تاۋلاش ئىشلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇستىلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. يازما تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا خېلى بۇرۇنلا ئالتۇن كۈمۈش چىقى-رىشتىن باشقا «تۆمۈر، قەلەي، مىس»③ تاش پاختا، تاش كۆمۈر، قاش تېشى، قىزىل ۋە قوڭۇر ياقۇت، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، ئاش تۇزى، يىلىم - دەۋىرقايلىرى، «نۇشدۇر، لۆڭيەن، سىماپ بىرلىيانت قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى»④ چىقاتتى.

شۇنداقلا، ئىچكى سودا ئىشلىرى راۋاجلىنىپلا قالماستىن، بەلكى تاشقى سودا ئىشلىرىمۇ غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. گۈزەل ئانا يۇرتىمىز قاتناش تۈگۈنى بولغان «يىپەك يولى» غا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇ شەرقتىكى لياۋ، سۇڭ سۇلالىلىرى بىلەنلا سودا - ئالاقە قىلىپ قالماستىن بەلكى جەنۇب - غەربتىكى ھىندىستان، ئىران، ئافغانىستان، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرقىي - جەنۇبىي ياۋروپالار بىلەن-مۇ سودا ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن خانداننىڭ سودا كارۋانلىرى

---

① «قاراخانىلار خاندانلىقى تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 183 - بەت

② ب. گ. غافۇروۋ «تاجىك» ماۋزۇلۇق ئەسىرى 422 - بەت

③ «ۋېي پادىشالىقى تارىخى غەربىي رايون تەزكىرىسى»

④ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى خوتەن تەزكىرىسى»

ھەرقايسى يۇرتلارغا «ئۇزاق دېگەندە - بىر، ئىككى يىلدا تېز دېگەندە ھەر يىلى بېرىپ تۇرغان»، ئۇلار كۆپىنچە ئىچكى ئۆلكىلەرگە «ئۈنچە - مەرۋايىت، قىزىل مارجان، زۇمرەت، پىل چىشى، مەستىكى رومى، قۇستە، قەھرۋا، گۈللۈك رەخ، نۇشادۇر، لوڭيەن تاۋار، بىرلىيانت، سىماپ، ئىگەر - جابدۇق»، «ئات، خېچىر»① قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چاي، توقۇلما نەرسىلەر، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن تىزىق ياماق پۇللارنى ئېلىپ كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىگە، شەھەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىناكارلىقمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلاندى.

نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىيات تارىخىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولغان دەۋرنى ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن خاندانلىق ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، مەدەنىي - مائارىپنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەردى.

XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا قاراخانىيلار تەۋەسىدە پەن - مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، مائارىپ - تەتقىقات ئىشلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. شەھەر، قەلئە، مەسچىت، مەدرىس قۇرۇلۇشلىرى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ئاۋات چوڭ شەھەرلەر بارلىققا كەلدى. ھەيۋەتلىك نەقىشلەنگەن بىنالار قۇرۇلدى. ھەشەمەتلىك كارۋان سارايلىرى بىنا قىلىندى. مۇكەممەل شىپاخانىلار بەرپا بولدى. مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە تۈرلۈك پەنلەر ئوقۇتىلىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، چوڭ مەدرىسلەر، ئائىلىۋى دىنىي مەكتەپلەر سېلىنىدى ياكى رېمونت قىلىندى. نۇرغۇن ئالىم - ئۆلىمالار، ئەدىب - شائىرلار، تىلشۇناسلار، پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار، مۇتەخەسسىسلەر، تېۋىپلار، ھەربىي ئالىملار، قانۇنشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى.

بۇ يېتىشىپ چىققان زىيالىيلار تەبەقىسىدىكى، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ سىياسىي ۋەقەلىرىگە قويۇق ئارىلاشقان، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن قىزغىن ھەرىكەت قىلغان، زامانىنىڭ ئالدىنقى پەللىسىدە تۇرۇپ، جەمئىيەتنى نىسبەتەن توغرا كۆزەتكەن تەرەققىيپەرۋەر مەشھۇر ئالىم، مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى مەسىلەرنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن تەھلىل قىلىپ، خانىدانلىقنىڭ ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى ئۈستىدىكى پىكرىنى خانغا ۋە خەلققە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، دۇنياغا قارىشىنىڭ يىغىنچاقلانغان ئوبرازلىق كۆرۈنۈشىنى مەشھۇر «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئارقىلىق يېزىپ چىقىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا بېغىشلىغان جاسارەتلىك، تىرىشچان ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك بۇ ئالىم، مىلادىنىڭ 1069 — 1070 - يىل-

① «سۇڭ سۇلالىسى قانۇن - تۈزۈملەر توپلىمى، يات ئەللەر ④» قىسمى

لىرى ئىچىدە بۇ شانلىق ئەسەرنى قايتا تەكشۈرۈپ، تۈزۈتۈپ تولۇقلىغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار خانى بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلدى. ئوقۇمۇشلۇق سەزگۈر بۇغرا ھەسەنخان بۇ ئەسەر ئۈچۈن ئالىمغا «خاس ھاجىپ» (ئالاھىدە مۇشاۋۇر) دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى قىلىپ ئارزۇلاپ ئىشلەتتى.

بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم-مەرىپەتتىكى دانالىقى ۋە بىلىمى، يۈكسەك ئەخلاق پەزىلىتى بىلەن ئوردا ئەھلىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىسىگە مۇيەسسەر بولدى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ مەشھۇر داستاندا، ئۇلۇغ ئالىمنىڭ كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ئىلىم-پەنگە بولغان تەشنالىقى ئۆتكۈر پەلسەپىۋى مۇلاھىزە ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار، ئارقىلىق ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان پاك مۇھەببىتى، ئۇلۇغۋار غايىسى، قەيسەر ئىرادىسى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىلغار ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئەلنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن ئىش كۆرۈش، ئەقىل-پاراسەت، ئادالەت ۋە ئەخلاقنىڭ بىرلىكى بىلەن تۈزەش، شۇ ئارقىلىق خەلقنى تەربىيلەش لازىملىقى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرى ئۇنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ خانلىق جەمئىيەتكە نىسبەتەن جانلىق تەدبىقلىنىشى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر خانلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىدە بەلگىلىك ئىلغار رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋردىكى مۇستەھكەملىنىۋاتقان فېئودال خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى كۈچەيتتى، مۇئەييەن بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل پارلاق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئىلىم-پەن دۇنياسىنىڭ قەدىرلىشىگە ۋە ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ قىممەتلىك بۇ ئەسىرى پۈتۈن خەلقئارادا ھازىرغىچە خىلمۇ-خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق جەۋھىرى سۈپىتىدە جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە يالتىراپ نۇر چېچىپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەرىپەت ئاسمىنىدا نۇرلۇق چولپان يۇلتۇزدەك پارلىداپ چاقنىدى

شۇڭا، كۆپ ئۆتمەي قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان گۈزەل قەشقەر ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغان، مەرىپەت ئۇچقۇنلىرى يالقۇنجىغان، ئالىي ۋە ئوتتۇرا بىلىم يۇرتلىرى بىلەن داڭ چىقارغان، خاندانلىقنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدە، «ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى»① دەپ نام ئالغان بىلىم مەركىزىگە ئايلاندى.

① تارىخشۇناس ئابدۇغاپپار، ئىبنى ھۈسەيىن قەشقەرى مەجمۇئەششەرھى ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىسمى.

ماﺋارىپ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشى، ئىلىم-پەنگە بولغان تەلپۈنۈشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بىلىم تەشنالىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىغا كىرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شەرق ۋە غەرب بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئىلىم-پەن تەتقىقاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. زور بىر تۈركۈمدىكى زىيالىيلار تەبىقىسى تۈرلۈك مىللەت ئالىملىرى توپلانغان دۇنياۋى ئىلىم-پەن جەۋھەرلىرىنى، ئۆز دەۋرىدىكى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن مەدەنىيەتلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەۋزەللىكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشىغا ئىنتىلىشىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، بالاساغۇن ۋە سەمەرقەنتلەردە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەر خىل تىپتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىنى قۇرۇش ۋە كېڭەيتىش ئىشلىرى زور قەدەم بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، خانلىق ئالىي ئوقۇش يۇرتى بولغان «مەدرىسەئى ساجىيە» ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى ھەمدە ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگىنىشنىڭ مەركىزىي ئوچىقى بولۇپ قالدى. تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، خەلقئارادىكى پەننىي دەرسلەرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، دەرس مەزمۇنلىرىمۇ ئۆزگىرىپ، دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن بىرگە چەت ئەل تىلى، يۇنان پەلسەپىسى، ماتېماتىكا، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك ھەتتا ئۇرۇش ئىلمى قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىتىشنى يولغا قويدى.

خۇددى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئالاھىدە ئۆزىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان ئاتاقلىق مەرىپەتچى ھۈسەيىن ئىبنى خەلپەتىگە ئوخشاش بىر قىسىم مەشھۇر ئوقۇتقۇچىلار دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە كەمسىتىشلىرىگە قارىماي بۇ ئالىي ئوقۇش يۇرتىدا پەننىي دەرسلەرنى ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللاندى ھەم ئىلىم-پەننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەيۋەتلىك گۈزەل كۇتۇپخانىغا ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن زىيالىيلار، بىلىم ئەھلىلىرى يىغىلىپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسى بويىچە كۆپ تۈردە ئىلمىي مۇنازىرىلەر ئېلىپ باردى. تۈرلۈك پەنلەر بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى.

بۇ مەزگىلدە، پەقەت قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىلا، خاندانلىققا بىۋاسىتە قارايدىغان چوڭ مەدرىسەلەردىن «مەدرىسەئى ساجىيە» دىن باشقا، «خانلىق مەدرىس»، جامائەتنىڭ باشقۇرۇشىدا «ھېيتكا مەدرىسى»، «چاسا مەدرىسى»، «لاي پەشتاغ مەدرىسى»، «كەسكەن يار مەدرىسى»، «ساچ مەدرىسى»، شەخسلەرنىڭ نامىدا «ئەراخان تۆزەم مەدرىسى»، «تاجى ھېكىم بەگ مەدرىسى»، «دۇغا بەگ مەدرىسى»، «شاپۇلات بەگ مەدرىسى»، «ساقى مەدرىسى»، «توقام مەدرىسى» قاتارلىق 17 چوڭ مەدرىس بار ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، غايەت زور شۆھرەت قازانغان بۇ ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىغا قەش-

ھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاقلاردىن باشقا يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، قارا شەھەر، ھەتتا قوشنا خانلىقلاردىنمۇ نۇرغۇنلىغان بىلىم ئەھلىلىرى كېلىپ ئوقۇيتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ 800 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئاتاقلىق خانلىق مەدرىس بىلەن قازانچا مەدرىسى ئەڭ مۇكەممەل كونا ئوقۇش يۇرتلىرىدىن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە بىلىمى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللانغانلىقى، دەرس مەزمۇنىنىڭ مۇقىملىقى، ئوقۇش ۋاقتىنىڭ قىش-ياز داۋام قىلىشى، ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈمدارلىقى بىلەن باشقا مەدرىسلەردىن پەرقلىنەتتى، كۆپىنچە بۇ «خانلىق مەدرىسىدىكى تالىپلارنىڭ سانى 300 دىن ئارتۇق بولاتتى.»①

خاندانلىقنىڭ مەركىزى قەشقەرگە قارايدىغان جايلاردىن-دۆلەتباغ، ئاستىن ئاتۇش، ئوپال، توققۇزاق، ئاۋات، تازغۇن، ياپچان، سەمەن قاتارلىق رايونلار بىلەن بىرگە، قارغىلىق، يەركەن، پەيزىئاۋات، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىمۇ كەڭ تۈردە مەدرىسلەر قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 145 دىن ئوشۇقراقى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. قالغان يېزا-قىشلاق، مەھەللىلەردە ئادەتتىكى دىنىي مەكتەپلەر بار ئىدى. لېكىن ئىلىم-مەرىپەتكە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ تەشنالىقى ئاشقانسېرى، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن زىيالىيلار، چەت ئەلنىڭ مەدەنىيەتلىك شەھەرلىرىگە بېرىپ ئوقۇشقا، تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇ قاتاردا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم مەھمۇت ئىبنى ھۈسەيىن قەشقەرى ئالتۇندەك ياشلىق دەۋرىنى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا دالالىرىنى ئايلىنىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۇلۇغ ئىلمىي ئەمگىكىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 1072-يىلى سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ھامىلىقىدىكى ئەرەب ئىسلام خەلىپىسىنىڭ پايتەختى باغداتقا بېرىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، تۈركىي-ئەدەبىي سۆزلۈكلىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى سۈپىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى شۇ دەۋردىكى تەرەققىياتقا ئائىت نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن كۆركەم، جانلىق، خىلمۇ-خىل شەكىلدە ئوبرازلىق قىلىپ يېزىپ چىقىپ، مىلادىنىڭ 1076-يىلى ئابباسلار خەلىپىسىگە تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تارىخنىڭ شانلىق ئۆلگىسىنى ياراتتى. مىلادىنىڭ 1080-يىلىغا كەلگەندە ئۇ پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىدا يۇقىرى ئىلمىي ئورۇن ۋە شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانى قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىنى ئەۋزەل كۆرۈپ قايتىپ كېلىدۇ. كۆپ ئۆتمەي «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» ئالىي مەكتىپىنى قۇرۇپ، ئۆزى مۇدەررىسلىك (مەكتەپ باشلىقى) ۋەزىپىسىنى

(ئاخىرى 100-بەتتە)

① «قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى 11-بەت

# يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە★)

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، مالىيە نازارىتى تەشكىللىگەن باھا تەكشۈرۈش ھەيئىتى سودا ساھەسىدىكىلەرنىڭ چوڭ يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا بىسىمدارلارغا بېرىلىدىغان جازا ئېلان قىلىندى. ماۋزېمىن بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى 66 - قېتىملىق دائىمىي ئەزالار يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا باش كاتىپ ۋاڭ باۋچيەن رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن باش ئۇيۇشمىسىنىڭ گېزىتىنى تۈزۈش، ئاممىۋى كۇلۇبلارنىڭ تەشكىلىي نىزامىنى بەلگىلەش، ئۇيغۇرچە ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ۋە ئاپرېل ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇناسىپ قارارلار ماقۇللىدى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، چىن تەنچۇ ج پ ك مەركىزىي كومىتېتىغا شىڭ شىسەيىنىڭ «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى دوكلات قىلدى. شىڭ شىسەي: بۇ ۋەقە «يەنىلا گومىنداڭنىڭ يېڭى 4 - ئارمىيىنى پىلانلىق يوقاتماقچى بولغانلىقى»، «ۋەقەدىن بۇرۇن جەزمەن جاڭ جېشىدىن رۇخسەت ئېلىنغان»، «جاڭ جېشىدە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان بىر يۈرۈش پىلان بار» دەپ قارىغان. شىڭ شىسەي: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىنى يوقىتىشقا ياردەم قىلىش يۈزىسىدىن بەرگەن قوراللىرى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنى يوقىتىشقا ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك، دېگەن ھەمدە مۇھىم ھەربىي ئەشيالارنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق توشۇلۇشىنى قىسقارتىش ياكى كېچىكتۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن.

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، شىڭ شىسەي گو جىنشيەننى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىدى.

---

★ بېشى 1988 - يىللىق سانلاردا.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى 68 - قېتىملىق دائىمىي ئەزالار يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا باش كاتىپ ۋاڭ باۋچيەن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن ھەرقايسى بۆلۈم، باشقارمىلارنىڭ 4 -، 5 -، 6 - ئايلىق خىزمەت پىلانى؛ ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلارنى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە مائارىپ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش تەشۋىقاتىغا ۋە باھا تەشۋىقاتىغا سەپەرۋەر قىلىش؛ ئىقتىساد قىلىش بويىچە مۇسابىقە ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىپ لايىھەلەرنى ماقۇللىدى، كومىتېت ئەزالىرىنى ۋە ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ مائارىپ لايىھىيىسى توغرىسىدىكى تەكلىپلىرىنى تەستىقلىدى.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى 69 - قېتىملىق دائىمىي ئەزالار يىغىنىنى ئېچىپ، مەدەنىيەت جەمئىيىتىنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىپ، ئۇيۇشما تەۋەسىدە مەدەنىيەت بۆلۈم تەربىيىسى قىلىشنى قارار قىلدى. بەي دافاڭ مەدەنىيەت بۆلۈم رەھبەرلىكىدىكى تىياتىر ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، يۈسۈن قاتارلىقلار دائىمىي ھەيئەت بولدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 6 - جىلت 1 - سانى نەشىردىن چىقتى. ئۇنىڭ ماقالە - ئەسەرلەر سەھىپىسىگە ماۋ زېمىننىڭ «مىنگونىڭ 30 - يىلىدىكى يېڭى خامچوت ۋەزىيىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى»، شاۋلى (لى خې) نىڭ «ئاپرېل ئىنقىلابى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش»؛ ئېقىم مەسىلىلىرى سەھىپىسىگە لى خېنىڭ «شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا دىپلوماتىيە جېڭىگە نەزەر» قاتارلىق ماقالىلار بېسىلدى. ماۋ زېمىننىڭ ماقالىسى كىرىش سۆز، بۇ يىلقى خامچوتنىڭ ئالاھىدىلىكى، يېڭى ۋەزىيەتتىن پەيدا بولغان يېڭى قىيىنچىلىق، بۇندىن كېيىنكى ئۈمىد قاتارلىق تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن؛ لى خېنىڭ «ئاپرېل ئىنقىلابى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش» دېگەن ماقالىسىمۇ تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن: (1) ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بەرگەن ئىلھامى، (2) 6 سىياسەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بولغان تەسىرى، (3) ئۇلۇغ داھىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى يېتەكچىلىكى، (4) شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى تۆھپىسى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شېڭ شىسەي «چىن پېيشېڭ سۇيىقەست ئەنزىسى» دېگەن نېمىنى ياساپ چىقىپ، چىن پېيشېڭغا تروتسكىچى، ياپونىيىنىڭ جاسۇسى، كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، تۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغۇچى، دەپ قارا چاپلىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا خەت يېزىپ، ئۇنى موسكۋاغا قايتۇرۇپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ

قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ سۈيىقەستىنى سېزىپ، چېن پېيشىگىنى موسكۋاغا قايتۇرۇپ كەتتى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شىڭ شىسەي شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ باۋچيەننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئاقسۇ گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى چېن چىڭيۈەننى مەزكۇر گېزىتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە مۇۋەققەت باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ما شۇ خوتەن گېزىتخانىسىدىن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات بېتى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكەلدى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ماۋزېمىن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىش بېجىرگۈچىلەر يىغىنىدا دوكلات بېرىپ، قۇرۇلۇش زايومى دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن زايوم تارقىتىلىدۇ؟ قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىش تەشۋىقاتىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدى ۋە «تەشۋىقاتنى چوڭقۇر، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇزاق مۇددەت، كەڭ ئېلىپ بېرىش لازىم»، لېكىن «مەجبۇرلاشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى جۇ دەنخۇا (ئەدەبىي لەقىمى خۇا) نىڭ «ئاپرېل ئىنقىلابى ۋە ئاياللار ماتارىپى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى ماۋزېمىننىڭ قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن گېزىتخانىغا يېزىپ بەرگەن «بېغىشلىما» سىنى ئېلان قىلدى. «بېغىشلىما» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش زايومى تارقاتتى، ئۇنىڭدىن مەقسەت قۇرۇلۇش كۈچىنى زورايتىپ، ئىككىنچى ئۈچ يىللىق پىلاننىڭ ئورۇنلىنىشىنى تېزلىتىپ، خەلقئارالىق ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپتە تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، يەنى خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پاراۋانلىق كۆزلەشتىن ئىبارەت»...

قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ماۋزېمىن 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى سودا سانائەتچىلەردىن مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشقان كەچلىك دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە ئۈرۈمچىدىكى سودا سانائەتچىلەرنىڭ زايوم سېتىۋېلىشتا نەمۇنىچى بول-

غانلىقىنى تەقدىرلىدى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى سودا سانائەتچىلەرنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىشتا تەشۋىقات خىزمىتى چوڭقۇر، ئىنچىكە، كەڭ ئېلىپ بېرىلغاچقا، شىنجاڭ بويىچە زايوم سېتىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ھەر مىللەت خەلقى ئالتە مىليون 700 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زايوم سېتىۋېلىپ، ئەسلى پىلاندىكى بەش مىليون يۈەندىن 34% ئاشۇرۇۋەتتى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «جۇ تىڭجاڭنىڭ قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىش چوڭ يىغىنىدىكى دوكلاتى» نى باستى. جۇ بىن (ماۋزېمىن) بۇ دوكلاتىدا زايوم تارقىتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى: زايوم تارقىتىش — ھۆكۈمەتنىڭ خەلقتىن قەرز ئېلىشى، ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ ھەمكارلىشىشى، بۇ «ئىككىنچى ئۈچ يىللىق پىلاننىڭ ئورۇنلىنىشىنى تېزلىتىشنى، شىنجاڭدىكى تۆت مىليون خەلقنىڭ پاراۋانلىقىنى كۆزلەشنى، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنى تېزلىتىشنى» مەقسەت قىلىدۇ. خەلقنىڭ قۇرۇلۇش زايومى سېتىۋېلىشىنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ «خەلقنىڭ ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېزلىتىشكە ياردەملەشكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ»، ئۇ «شىنجاڭدىكى تۆت مىليون خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا تېخىمۇ چوڭ خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ»، «ئەۋلادلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىدۇ». شۇڭا، ھازىرچە زۆرۈر بولمىغان بەزى راسخوتلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېجەپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان قۇرۇلۇش زايومى سېتىۋېلىشىمىز لازىم.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 6 - جىلد 2 - سانى نەشىردىن چىقتى. ئۇنىڭ ماقالە - ئەسەرلەر سەھىپىسىگە شياۋلى (لى خې) نىڭ «سوۋېت — ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدا «سوۋېت — ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالانغانلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىق سىياسىتىنىڭ غايەت زور غەلىبىسى ئىكەنلىكى كۈچلۈك دەلىللەنگەن. ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر ياۋروپا ئۇرۇشى پارتلاش ئارىسىدا ئىمزالانغان سوۋېت — گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ تىنچلىقىنى مۇستەھكەملىشىنىڭ پىشاكى بولدى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلاش ئارىسىدا ئىمزالانغان سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە يىراق شەرق تىنچلىقىنى مۇستەھكەملىشىنىڭ پىشاكى بولدى، دەپ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ». «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپون باسقۇن-

چىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلانغانلىقى، جاھانگىرلىكنىڭ يىراق شەرقتىكى ئورۇشنى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلغانلىقى ۋە ئۇنى چەكلىگەنلىكى، جاھانگىرلىكنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئورۇش قوزغىماقچى بولغان يېڭى بىر يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقى، ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى غەلىبىسى، شۇنداقلا دۇنيا تىنچلىقىنىڭ يېڭى غەلىبىسى. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئورۇش قاينىمىغا كىرىپ قالمىسلا، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى كۈچىنى بىخەتەر راۋاجلاندۇرسىلا، پۈتۈن دۇنيادىكى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەرگە بولغان ياردىمىنى كۈچەيتەلەيدۇ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش جاھانگىرلىك ئورۇشنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەسسە قوشالايدۇ».

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چىڭ جۇكىي قاتارلىق يەتتە كىشىنى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلدى. 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، چېن گۋاڭجۇ قاتارلىق بەش كىشىنى قارىقاش ناھىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلدى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، مالىيە نازارىتى شەھەردە سۇيېغى ۋە قوي گۆشى قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 40 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك سۇ يېغى ۋە كۈنىگە 50 تۇياق قوي بىلەن تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. شۇ كۈنى مالىيە نازارىتى يەنە زايوم تارقىتىشنى تەشۋىق قىلىش، باج ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، باج يىغىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن بىر قىسىم كىشىلەرنى خېلى كۆپ تەشۋىقات بۇيۇملىرى ۋە زايوم بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت - ناھىيىلىرىگە ئەۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسى 73 - قېتىملىق دائىمىي ئەزالار يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا باش كاتىپ ۋاڭ باۋچيەن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش تەشۋىقاتى مەسىلىسى؛ تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇرۇش مەسىلىسى؛ كونا - يېڭى ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى چاقىرىش مەسىلىسى؛ ئۇيۇشمىنىڭ ئەزالىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش، نەشرىيات، تىياتىر مۇسابىقىسى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. شۇنىڭدەك يەنە 4 -، 5 -، 6 - ئايلىق خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن، ھەرقايسى شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ تىياتىر سەنئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنى چېنىقتۇرۇپ 6 سىياسەتنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقاتچىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى شۆبە ئۇيۇشمىلار ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ئۇ-

يۇشىملارنىڭ تىياتىر مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش بەلگىلەندى ھەمدە ھەرقايسى شۆبە ئويۇشىملارغا جىددىي تەييارلىق قىلىپ قاتنىشىش توغرىسىدا خەت يېزىلدى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئويۇشمىسى تەشۋىقات بۆلۈم تىياتىر ھەيئىتى باھالاش ھەيئىتىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، مۇسابىقە پرىنسىپلىرى ۋە مۇسابىقە تەييارلىقىغا دائىر ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلدى. يېڭىدىن تەشكىللەنگەن تىياتىر ئۆمىكىگە «ئالدىنقى قاراۋۇل تىياتىر ئۆمىكى» دەپ نام بەردى. بۇ ئۆمەك «30 - ماي» پاجىئەسىنىڭ 16 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىندا ئويناش ئۈچۈن «خۇاڭپۇدىكى ئاي» دېگەن بىر پەردىلىك درامىنى رەپىتىس قىلىشقا باشلىدى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 6 - جىلد 3 - سانى نەشىردىن چىقتى، بۇ سانغا لى پىڭ (جاڭ زىيى) نىڭ «يېڭى پەلسەپىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە»، لى خېنىڭ «تاشقى ياردەمنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش كېرەك» قاتارلىق ماقالىلار بېسىلدى. جاڭ زىيىنىڭ ماقالىسىدا يېڭى پەلسەپە ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، «يېڭى پەلسەپىنى تەتقىق قىلىش كىشىلىك تۇرمۇشتا بولسۇن، ئىنقىلابىي خىزمەتتە بولسۇن، ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدا بولسۇن ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە»، دەپ كۆرسىتىلگەن. لى خېنىڭ ماقالىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ شەرتنى: ئۆزىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىلغارلىقى، دۈشمەننىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ئاجىزلىقى، دۇنيادىكى تىنچلىقنى سۆيەر زاتلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. شۈبھىسىزكى، تاشقى ياردەم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرت». «بىزنىڭ تاشقى ياردەم مەنبەيىمىز ئىككى: بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيادىكى تىنچلىقنى سۆيىدىغان خەلقلەر؛ يەنە بىرى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا. بىز بۇ ئىككى خىل تاشقى ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، لېكىن بۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك». شۇنىڭ بىلەن بىللە «تاشقى ياردەم بىلەن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن (1) تاشقى ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش تاشقى ياردەمگە تايىنىۋېلىش ئەمەس؛ (2) ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت ئاساستا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ تاشقى ياردەمنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. تاشقى ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئەمەلىيەتتە كۈچەيتىش كېرەك. مانا بۇ بىزنىڭ يەكۈنىمىز».

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جىن يىشىڭ مالىيە نازارىتىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى سۈپىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى چېن تەنچيۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلارغا جىن يىشىڭدىن خەت ئەۋەتتى، جىن يىشىڭ بۇ خەتلەرنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇردى ۋە ئۇلارنىڭ چېن تەنچيۇغا يازغان خېتىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك تىياتىر مۇسابىقىسى باشلاندى. مۇسابىقىگە ھەرقايسى شۆبە ئۇيۇشمىلار ۋە ئىشتىن سىرتقى ئۆمەكلەردىن بولۇپ 20 دىن كۆپرەك ئۆمەك قاتناشتى. 20 نەچچە كۈن داۋاملاشقان بۇ مۇسابىقە 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاخىرلاشتى. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى بويىچە: بىۋاستە قاراشلىق 1 - شۆبە ئۇيۇشما (شىنجاڭ شۆيۈەن) 1 - لىككە، بىۋاستە قاراشلىق 2 - شۆبە ئۇيۇشما (1 - ئوتتۇرا مەكتەپ) 2 - لىككە، بىۋاستە قاراشلىق 4 - شۆبە ئۇيۇشما (قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى) 3 - لىككە، بىۋاستە قاراشلىق 3 - شۆبە ئۇيۇشما (سىفەن) 4 - لىككە ئېرىشتى. ئادەتتىكى كوللېكتىپ بويىچە: 4 - رايون 1 - شۆبە ئۇيۇشمىسى (خەنزۇ ئۇيۇشمىسى) 1 - لىككە، 1 - رايون ئۇيۇشمىسى 2 - لىككە، 3 - رايون ئۇيۇشمىسى 3 - لىككە، ھەربىيلەر 12 - رايون ئۇيۇشمىسى 4 - لىككە ئېرىشتى. بۇندىن باشقا ئالتە كىشى شەخسلەر ئارا 1 - دىن 3 - گىچە دەرىجىگە ئېرىشتى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ۋە بۇ گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى تەستىقلىدى. بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسى «ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، سىياسىي بىلىملىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى تولۇق ئىگىلەپ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن» قۇرۇلغان. ئۇ قەشقەردىكى ھەرقايسى ئىدارە - جەمئىيەتلەردە ئىشلەۋاتقان مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى 29 كىشىدىن تەركىب تاپتى، قەشقەر گېزىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ مو، باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گاۋ دېڭباڭ قاتارلىقلار بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى بولدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپا-

قىزىل ئارمىيە ـ خەلقىنىڭ ۋەتىنىنى قوغداش ئۇرۇشى باشلانغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئەزالاردىن 700 دىن ئارتۇق كىشى ئاجرىتىپ، يازلىق تەتىلدە يېزىلارغا بېرىپ تەشۋىق قىلىش ئەترىتى تەشكىللىدى. بۇ ئەترەت 46 كىچىك ئەترەتكە بۆلۈنۈپ 46 ناھىيىگە ئەۋەتىلدى، تەشۋىقات تىزىسى تۈزۈلۈپ، ھەرقايسى ئەترەتنىڭ باشلىقلىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ تېزىسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: (1) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش — شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، (2) ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە ئالاھىدە مائارىپ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش. (3) ئاشلىق جۇغلاپ، قەھەتچىلىككە تەييارلىنىش. (4) باھانى مۇقىملاشتۇرۇش. (5) قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە باشقىلار.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى شېڭ شىسەينىڭ ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئىدارە ـ جەمئىيەت، جاھانگىرلىككە قارشى ھەربىيلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىگە، قىزىل ئارمىيە كوماندىر جەڭچىلىرىگە ۋە پۈتۈن سوۋېت گراژدانلىرىغا تېلېگراممىسا ئەۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. تېلېگراممىدا: گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز، «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە فاشىست قاراقچىلىرىغا زەربە بېرىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى قوغداش — دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۇرۇشىنى قوللايمىز» دېيىلگەن.

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى 75 ـ قېتىملىق دائىمىي ئەزالار يىغىنىنى ئاچتى. يىغىن ھەرقايسى رايونلاردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلار، بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ئۇيۇشمىلار «7 ـ ئىيول» نى خاتىرىلەش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى خۇش خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈش يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى ھەمدە 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ ئىيول كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلدى ھەمدە ماۋزېدۇڭ، جۇدېنىڭ رەسىمىنى باستى، چېن تەنچۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تۆت يىللىقى توغرىسىدا دوكلات بەردى ھەمدە ئۆگىنىشتە، خىزمەتتە ئىلغار بولغان پارتىيە ئەزالىرىنى مۇكاپاتلىدى، كۆپچىلىككە خاتىرە ئىزنىكى تارقىتىپ بەردى... شىن-

جاڭدىكى كوممۇنىستلارنىڭ «1 - ئىيۇل» نى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتتى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىنجاڭدىكى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. بۇ تەبرىك تېلېگراممىدا: «بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپتە چىڭ تۇرۇش، فاشىزمغا قارشى خەلقئارا بىرلىكسەپ قۇرۇش سىياسىتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز، پارتىيىنىڭ ھەربىر قارارى ۋە ھەربىر يوليورۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىمىز. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىدا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەممىدە پارتىيىگە بويسۇنىمىز، ھەممىدە ئىنتىزامغا بويسۇنىمىز، ھەممىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ۋە ئىنقىلابىي خىزمەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇنىمىز، ئۆز خىزمەت ئورنىمىزدا خاتىرجەم ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز» دېيىلدى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئۇچقۇچىلار ئەترىتىدىكى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى چېن تەنچۇنىڭ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماۋجۇشىغا ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ھۆرمەت تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلدى: «ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەلۋىلىك بىلەن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىشى ئۆزىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىدۇ — خالاس. بىز فاشىزمغا قارشى خەلقئارا بىرلىكسەپنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز... بىز پارتىيىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش سىياسىتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز. ھەمدە تېخنىكىنى ياخشى ئىگىلەپ، سىياسىي ئۆگىنىشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشىمىز. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن ئالدىنقى سەپكە تېزراق بېرىپ ياپونىيە ئالۋاستىلىرىنى يوقىتىش - يېڭى دېموكراتىزملىق جۇمھۇرىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە ئۆگىنىش شارائىتىمىزنى ياخشىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز. پارتىيىمىزنىڭ داھىسى يولداش ماۋزېدۇڭغا ۋە مەركەزدىكى بولشېۋىك يولداشلارغا ئالىي سالام يوللايمىز»

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەرقايسى شۆبىلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ئۇيۇشمىلىرىدىكى بارلىق ئەزالار ئۈرۈمچى خەلقىنىڭ «7 - ئىيۇل» نىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى 77 - قېتىملىق دائىمىي ئەزالار يىغىنى ئاچتى. يىغىن 1941 - يىلى كېيىنكى يېرىم يىلنىڭ ئۈچ ئايلىق خىزمەت پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى ۋە 7 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ھەرقايسى شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ باش ئۇيۇشما نىزامنامىسى بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىشى قارار قىلىندى.

7 - ئايدا، شىنجاڭ گېزىتى «7 - ئىيۇل» غا بېغىشلانغان مەخسۇس سان چىقىرىپ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز» سەرلەھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلدى ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ فاشىزمغا قارشى خەلقئارا بىرلىكسەپ قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» نى باستى. بۇ سانغا يەنە لى خې (تەخەللۇسى شاۋلى) نىڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 4 - يىلىدىكى ياپونىيە سىياسىتى» دېگەن ماقالىسى، مۇشىڭگىنىڭ شىمالىي جۇڭگو ئالدىنقى سەپتىن ئەۋەتكەن «دۈشمەن ئارقىسىدىكى نەمۇنىچى بازا» دېگەن خەۋىرى ۋە 8 - ئارمىيە، پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ رەسىملىرى بېسىلدى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، چېن تەنچيۇ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىغا ئۇچقۇچىلار ئەترىتى ۋە مېھمانخانىدىكى يولداشلارنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. مېھمانخانىدىكى يولداشلار 1940 - يىل يازدىن ئېتىبارەن ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ ۋ ك (ب) پ تارىخى، سىياسىي ئىقتىساد، پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت بىلىملىرى، رۇس تىلى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەنگەن. سىياسىي ئىقتىساد دەرسىنى چېن تەنچيۇ قاتارلىقلار ئۆتكەن.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى ماشۇنىڭ «گۆەن» دېگەن تەخەللۇسى بىلەن يازغان «ھەممىنى ئۆزىدىن بىزار قىلىش» دېگەن زاۋېننى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدا ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولغانلىقىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقى سۆزلەنگەن ھەمدە شېڭ شىسەينىڭ خاتا قىلمىشلىرى ئاستىرتىن كۆرسىتىلگەن. شېڭ شىسەي بۇنى سەزگەندىن كېيىن ئاپتورنى سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولدى. تۇتىدىغان ساپاق تاپالماي، دەردىنى ئىچىدە يىيىپ، بولدى قىلغان.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شېڭ شىسەي مالىيە نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرى جۇ بىڭنى خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرلىقىغا، خوتەن گارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى پەن بونەننى قومۇلنىڭ ۋالىيلىقىغا يۆتكىدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرى مېڭ يىمىن بىلەن قومۇلنىڭ ۋالىيسى ليۇ شىپىڭنى «باشقا ئىشقا ئو-

رۇنلاشتۇرۇلىدۇ» دېگەن نام بىلەن ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مېڭ يىمىن ئۆلكىلىك تەھرىر - تەرجىمە كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

يازدا، ئىلى رايونىدا ئەسۋىلىك كېزىك كېسىلى تارقاپ كەتكەچكە، خەلق ئىشلار نازارىتىگە ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ تېلېگرامما يوللاندى. ماۋ زېمىن تېلېگراممىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، تېزلىكتە دوختۇر ئەۋەتىپ، قۇتقۇزۇش — داۋالاش ئېلىپ باردى ۋە كېسەلنى تۈگەتتى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى بەي دافاڭنىڭ «1 - ئاۋغۇستنى خاتىرىلەش ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپىسى»، لى خېنىڭ «فاشىزم ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى» دېگەن ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى ۋە رەھبەرلىكىدە «سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن ھال سوراش جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھال سوراش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى كۆيلەپ پۇل ئىئانە قىلدى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرى ماۋ زېمىن ساخاۋەتخانىغا بېرىپ كەمبەغەللەرنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزدىن كۆچۈردى ۋە ئۇلاردىن ھال ئەھۋال سورىدى. چوڭ كۆۋرۈك يېنىغا سېلىنىۋاتقان كەمبەغەللەر زاۋۇتىنى، ياتاقخانىلارنى كۆزدىن كۆچۈردى. كەمبەغەللەر، يېتىم - يېسىرلار ۋە مەجرۇھلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنى ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە، كېيىنچە توخۇ - قوي بېقىپ، كۆكتات تېرىپ، كىرىمنى كۆپەيتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا ئىلھاملاندۇردى. ماۋ زېمىن خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان مەزگىللەردە، شىنجاڭ بويىچە 17 ساخاۋەتخانا تەرتىپكە سېلىندى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلدى، ئىگە - چاقىسىز ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق يېتىم بۇ يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

9 - ئاينىڭ باشلىرى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەركەن ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چىڭ جۇكېنى ئاقسۇ مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكىدى. ئۇ، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. ئاقسۇ مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چيەن پېڭنى كىرىيە ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىدى، ئۇ، 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. 12 - ئاي-

نىڭ 20 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جيەن پىڭنى كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلدى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، خەلق ئىشلار نازارىتى ئاشلىق جۇغلاش — قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كوممۇنىستىنىڭ ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئاچتى. بۇ يىغىندا، ھەممەيلەن بىردەك ماۋزېمىننى كوممۇنا باشلىقلىقىغا سايلىدى.

9 - ئايدا، ياڭ زىخۇا (دۇنىڭ، چيۇ چۇبەينىڭ يولدىشى)، چيۇدۇيى (دۇنىڭ، چيۇ چۇبەينىڭ قىزى)، سۇئانا (سۇ جاۋجېڭنىڭ يولدىشى)، چاۋگوجېن قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىشىدا ئۈرۈمچىگە چۈشتى. يەنئەنگە بارىدىغان يول راۋان بولمىغاچقا، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئورۇنلاشتى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى بەيدافاڭنىڭ «لۇشۇننىڭ ئەستايىدىل روھىنى ئۆگىنەيلى»، لى خېنىڭ «لۇشۇننىڭ تۇرمۇش قارىشى ۋە پەزىلىتى» دېگەن ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

10 - ئايدا، قاغىلىق — گۇما باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شۆخەندىڭ بوگۇر ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلدى. ئۇ 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن دراما مۇسابىقىسىدىن خۇلاسە چىقىرىش يىغىنى ئاچتى. باش ئۇيۇشما تىياتىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈسۈن خۇلاسە دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن باغلانغان، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، مەزمۇنى يېڭى سەھنە ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئىجاد قىلىشنى، رېژىسسورلۇق تۈزۈمى ئۇيۇشتۇرۇشنى، ئارتىسلارنىڭ ئويۇن قويۇش ماھارىتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەكىتلىدى. شىنجاڭ شۆيۈەن ئويناپ چىققان «شاھىمات تۈگىمىدى» دېگەن دراما تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى ۋە ئوقۇغۇچىلار مەيدانى بويىچە 1 - لىككە ئىگە بولدى.

10 - ئايدا، لى يۈيناڭ مارالۋېشى ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى قەشقەر — مارالۋېشى تاشيولىنى ياساشقا تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. بۇ تاشيولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 170 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، 1942 - يىلى 2 - ئايدا قاتناش باشلاندى.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى شەرق مىللەتلىرىنىڭ فاشىزىمغا قارشى تۇرۇش قۇرۇلتىيىنىڭ يەنئەندە ئېچىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. قۇرۇلتايغا شەرق ئەللىرىدىن ياپونىيە، ھىندىستان، گوللاندىيە، فىلىپپىن، مالايشىيا چاۋشيەن قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇ، مياۋزۇ، مانجۇ قاتارلىق 18 مىللەتتىن جەمئىي 130 نەچچە ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاي شەرق مىللەتلىرىنىڭ دىمساي كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقىنى نامايەن قىلدى. ستالىن، روزۋېلت، چېرچىل، دىمتروپ، تېلمان، دىگول، ئېينىشتېيىن، سۇبونا، جياڭ جېشى، ماۋ زېدۇڭ، جۇدې، شېڭ شىسەي قاتارلىقلارنى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ پەخرى رەئىسلىكىگە سايلىدى. قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى شەرقتىكى ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى ئەل، ھەرقايسى پارتىيە — گۇرۇھ، سىنىپ ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يېڭىلمەس بىر كۈچ قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى. قۇرۇلتاينىڭ ئىككىنچى كۈنى جۇدې دوكلات بەردى. 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ گېزىتى ماۋ زېدۇڭنىڭ قۇرۇلتايدا قىلغان «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ فاشىزمنى بىرلىكتە يوقىتايلى» دېگەن سۆزىنى خەۋەر قىلدى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش — خىزمەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن خادىملارنى تەقدىرلىگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. تەقدىرلەنگەنلەر ئىچىدە مالىيە نازىرى، ھاكىمى لى يۈيناڭ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۈي لياڭ قاتارلىقلار بار.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى تەنتەربىيە جەمئىيىتى كومىتېتى قۇردى ۋە ۋاڭ باۋچيەننى بۇ كومىتېتنىڭ باشلىقلىقىغا بەلگىلىدى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭگو — سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئىككى يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى. جەمئىيەت باشلىقى ۋاڭ باۋچيەن جەمئىيەتنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى. يىغىن ۋاڭ باۋچيەننى يەنە جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقىغا، ماۋ زېمىن قاتارلىق 13 كىشىنى لىشىلىققا سايلىدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، چىن تەنچۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا شېڭ شىسەينىڭ «6 سىياسەت» تىن يۈز ئۆرۈپ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويغانلىقى، شىنجاڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىۋاتقان خۇاڭ خوچىڭ، لىن جىلۇ، لىن داشىڭ، گو چۈنزې قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا زەربە بېرىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر-

دىن دوكلات قىلدى ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ھەققىدە يەتتە ماددىلىق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن رادىئو نۇتقىنى ئېلان قىلدى. شۇ كۈنى، شىنجاڭ ئاياللار زاۋۇتىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تۈنجى قېتىملىق يىغىن ئاچتى، جۇدەنخۇا قاتارلىقلارنى دائىمىي ھەيئەتلىككە سايلىدى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، خەلق ئىشلار نازارىتى ماۋزېمىننىڭ رەھبەرلىكىدە تۈزۈپ چىققان ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتكەن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رايون — يېزا تۈزۈمى تەشكىلىي نىزامنامىسى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ گېزىتى «رايون - يېزا باشلىقلىقى تەشكىلىي نىزامنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلدى.

11 - ئاينىڭ 22 -، 24 -، 25 - كۈنلىرى، شىنجاڭ گېزىتى لىن جىلو (تەخەللۇسى لوپۇ) نىڭ «چاپايېۋزىمنىڭ مەغلۇبىيىتى توغرىسىدا — ‹چاپايېۋ› نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتلار» ناملىق ماقالىسىنى ئۇلاپ باستى. بۇ ماقالىدا چاپايېۋزىمنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرى تەھلىل قىلىنغان، كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشى ۋە شېڭ شىسەيگە قارىتا ھوشيار بولۇشى ئاگاھلاندۇرۇلغان.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى ئاياللار قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ تۈنجى قېتىم يىغىن چاقىرغانلىقى ۋە شېن گونەننى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ سايلىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خەلق ئىشلار نازارىتى ماۋزېمىننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن دورا خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم دورا مەسلىھەتچىلىرى قاتناشتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# 新疆大学学报

（哲学社会科学维文版）

1989年 第2期

（总第38期）

# 目　　录

丝绸之路维吾尔族文化瑰宝的发掘 ………………………………… 阿不都许库尔·买买提伊明
论高校学生智力发展问题 ………………………………………………… 阿不里米提·热合曼
社会主义社会劳动力商品化初探 ……………………………………伊不都拉音·力提普
从修辞学角度看《福乐智慧》的语言……………………………………………… 热外都拉
《乌古斯传》中的萨满教初探 ……………………………………………… 巴依尔·肉孜
第二大师 ……………………………………………………………………… 阿·叶尔索夫
简释“突郎”一词 ……………………………………………………………… 艾来提·吾斯满
论玉素甫·哈斯·哈吉甫的外交思想 ………………………………… 牙尔买买提·塔伊尔
新闻批评与政治民主 ………………………………………………………………… 童　兵
试谈哈拉汗王朝的教育史 ……………………………………………………… 莫合塔拜尔
新民主主义革命时期中国共产党存新疆的斗争纪事 ……………………… 《纪事》编写组

## Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uygur Edition)

No 2. 1989 (Total: No. 38)

## Contents

The Excavation of the Uighour Cultural Gems on the Silk Road ………………… *Abduxukuer Mohammatimin* 1
On the Development of the University Students Intelligence …*Ablimit Rahman* 13
A Tentative Inquiry into the Commercialization of the Socialist Labour Force ………………… *Ibrayim Litip* 25
The Language of «Qutadgubilig» Viewed From the Angle of Rhetoric ………………… *R w idul* 45
An Inquiry into Saman Religion in the «Biographyf Oghuz». ……… *B.yir Rozi* 57
The Second Maestro ………………… *A· Ersuof* 70
A Simple Explanation of the word «Turan» ………………… *G iir t Osm n* 75
on the Diplomatic Thinking of Yusup Has Hajip……………*Yarmoh mmat tayir* 86
Criticism bu the Press and Political Democracy ……………………*Tong Bing* 121
A Preliminary Talk on the History of Education in the Kare Khanate ………………… *Muhtabar* 117
The Records of Actual Events of the Chinese Communist Party's Struggles in Xinjiang During the Period of the New—Democratic Revolution………………… *«the Recoyds» Compiling Group* 131



چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلى كۈرە جاڭجۈن راۋىقى


شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

**新疆大学学报**

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

（哲学社会科学维文版）

季　　刊

发行范围： 公开发行

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ داشۆ

باش مۇھەررىر: نىجات ئەھمەتجان

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتاخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 — 1035/C

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58. باھاسى: 0.50 يۈەن